مەملىكەتلىك قىزىللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە 100 قىرائەتخانىغا كۆرسىتىپ بەرگەن ژۇرنال

★قورال ئوغرىلىرىنى تۇتۇشتىكى 100 مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە

★«يەل گۇمپىچى» تۇر-پاندا قولغا چۈشتى





# ئامانلىق

2000 5

CN65-1009/D-W
ISSN 1009-1844



ساقچىخانا باشلىقى خې
يۈەنلۇڭ . ساقچىخانىنىڭ مۇئا.
ۋىن باشلىقى ئالىم ھەر ھەپتىدە
بىر قېتىم دوكلات بېرىش يىغى.
نى ئېچىپ تۇرىدۇ .

# خەلق رازى بولغان ساقچىخانا




قابىل كادىر - ساقچىلار .

تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى كونا شەھەر ساقچىخانىسى ئاپتونوم رايون ج خ سىستېمىسى بويىچە جەڭگىۋار كوللېكتىپ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساقچىخانا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئامانلىق دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى ئۇدا ئۈچ يىل 100% كە يەت. كۈزدى ۋە جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە ھەمكارلىشىپ نۇرغۇن دېلولارنى پاش قىلدى.

بۇ ساقچىخانا 1998 - يىل 6 - ئايدا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ساقچىخانىسى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق رازى بولغان ساقچىخانا» دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى ھەمدە ساقچىخانا بويىچە مۇنەۋۋەر شەخسلەرمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ- نىڭ ئىچىدە «خەلق رازى بولغان ساقچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكىنى بىر نەپەر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەت- كىنى ئۈچ نەپەرگە يەتكەن. ساقچىخانا كادىر - ساقچىلىرى يېڭى ئەسىردە مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان ساقچىخانا بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.




نوپۇس ساقچىسى ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلماقتا .





# تەۋسىيىلىك قۇرلار

## «يىل گومپىچى» تۇرپاندا قولغا چۈشتى



ئۆزىنى ئەل كېزەر «ئۇستا تېۋىپ»، «يەل گومپىچى» دەپ ئاتىۋالغان يالغان «ئەۋلىيا» جىڭفۇيى قەشقەر، تۇرپانلاردا ئېقىپ يۈرۈپ ساددا كىشىلەرنى ئالداپ، نەپسانىيەت يولىغا مېڭىپ كەڭ ئاممىنىڭ كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئالدامچىلىق ھۈنىرى ئۇنى ئاخىرى تۈرمىگە ئېلىپ كىردى. . .

1998 ـ يىل 7 ـ ئايدا، گەنسۇ ساقچى تەرەپ مەلۇم ھەربىي سانائەت زاۋۇتىدىن خۇپىيانە يوقاپ كەتكەن قورال ـ ياراغنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن يۈزمىڭ چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ، شىنجاڭ ساقچى تەرەپنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئالتۇنتاغ رايونىغا بۆسۈپ كىرىپ يوقالغان قورالّلارنى قولغا چۈشۈردى ھەم بىرقىسىم چېتىشلىق جىنايەت گۇماندارلىرىنى قولغا ئالدى.

## قورال ئوغرىلىرىنى تۇتۇشتىكى ئالامەتلىك چاقىرىملىق مۇساپە





1999 ـ يىل دېكابىردا مەلۇم بىر جىنايەتچى تۇرپان تۈرمىسىدىن قېچىپ چىقىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ تاكسىنى بۇلاپ شەھەرنى ۋەھىمىگە سالدى. جىنايەتچى نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىپ ئەركىن جاھان كەزمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت قانۇننىڭ تورىغا چۈشمەي قالمىدى.

«نىكاھتىن تاشقىرى مۇھەببەت» تىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائى ھادىسە، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. سىز بۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن قانداق ھېسسىياتقا كېلەرسىز.



# ئامانلىق

## 2000 ـ يىل 5 ـ سان

## ( ئومۇمىي 41 ـ سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: جۇ شېڭتاۋ

ئالىي مەسلىھەتچى: جاڭ شيۇمىڭ، ئىسمايىل تىلىۋالدى، لى فېڭزى، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئابلىز ھوشۇر

مۇدىر: سۇڭ جىيى

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇشىنفۇ (ئىجرائىيە)، جياۋ مىڭچى، ليۇ گۇاڭزۇ، بوشياۋ

ھەيئەتلەر:

ۋەن زۇڭلىن، فاڭ ۋېي، قادىر ئىبراھىم، ۋاڭ بېيتىڭ، ليۇ گۇاڭزۇ، سۇڭ جىيى، ئابلىمىت سادىق، چېن بەيجۇڭ، شاۋ سىۋېن، ۋۇجيەنگو، خوشياۋ چېن، دۇشىنفۇ، گۇڭ پېيدې، جياۋ مىڭچى، سەي يۇجى، بوشياۋ


## تەۋسىيىلىك قۇرلار


........................ ........................(1)


## دېلو دەھلىزى


قورال ئوغرىلىرىنى تۇتۇشتىكى 100 مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە .................. گاۋ ياۋفېڭ (4)

«قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋېشى»نى پەم بىلەن تۇتۇش .................. دەي شيۇڭ، يىن فېڭ (13)

«يەل گۇمپىچى» تورپاندا قولغا چۈشتى ..................(15)

ئۆلكە ئاتلاپ «ماي چاشقىنى» نى تۇتۇش .................. سۇن شىلۇ (19)


## كومپاس


ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 20000 ـ يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلار .................. (24)


## ئەخلاق سوتى


ياپونىيىلىك جۇڭگو مۇھاجىرى بىلەن جۇڭگولۇق بىر ئايالنىڭ مەخپىيىتى .................. يەن زۇڭگو (27)

نوچىلىق قىلماق ئاسان، دەردىنى تارتماق يامان .................. خەي ناچۇەن (30)


## ھەق تەلەپ


ياشانغان ئەر ـ خوتۇننىڭ ئالتە قېتىملىق ئەرزى .................. سۇ دىڭۋېي، شى يەن (38)


## نىكاھ ۋە ئائىلە


چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن ئايالنىڭ مۇھەببىتى .................. خۇ چۈنشۇ (44)

# بوستان


## مۇھاكىمە

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە ...... زۇلپىيە، زۆھرەگۇل (48)

## تىپىك دېلو

قاچقۇن ............................ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (50)

## گۈلدەستە

رازۋېدكىچىنىڭ قاچقۇن دوستى ........................ شياۋچېن (56)

## بىلىۋېلىڭ

(60)...................................................

## دوستلۇق ئالبومى

(61) ...................................................

## تەرمىلەر

(62) ...................................................

## تەپەندى كۇلۇپى

(63) ...................................................

## كۆڭۈل ئارزۇسى

(64) ...................................................



باش مۇھەررىر: دۇشىنفۇ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سەي يۈجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئابلىمىت سادىق
تەكلىپلىك مۇھەررىر:
قادىر ئىبراھىم
تەھرىربۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
ئەخمەت راخمان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
ئۆمەرجان قاسىم
بەت تۈزىگۈچى :
رەيھانگۈل خالىق
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نو-
مۇرى: CN65- 1009/ D- W
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇ-
رى: ISSN 1009- 1844
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 147 _ 58
ئېلانغا روخسەت قىلىش كې-
نىشكا نومۇرى: 00535173
باسقۇچى: ئەدلىيە باسمازاۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى
ساغلاملىق يولى 2 _ قورۇ
تېلېفون: 2391385
پوچتا نومۇرى: 830003
باھاسى: 4.00 يۈەن
(ژۇرنىلىمىز ھەر ئاينىڭ 1 _ -
كۈنى نەشردىن چىقىدۇ)
مۇقاۋىدا: مەملىكەت بويىچە
خەلق رازى بولغان سودىيە
جاۋپېڭ

# قورال ئوغرىلىرىنى تۇتۇشتىكى 100 مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە

*ئىلاۋە: 1998 - يىلى 7 - ئايدا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۇي شەھىرىدىكى ساقچى دائىرىلىرى مەلۇم بىر ھەربىي سانائەت زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن تاپانچا، ئاپتومات بولۇپ 13 دانە قورال - ياراغنى ئىچكى قىسمىدىكى بىر ئوجۇم «مىتە» لەرنىڭ سىرتىدىكى يىگىرمە نەچچە ئادەم بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆپ قېتىم قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ باھا چاپلاپ گەنسۇ ئۆلكىسى ھەم سىچۈەن، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. تيەنشۇي شەھىرى بېيداۋ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جەمئىيەتتىكى بۇ يوشۇرۇن زەھەرلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن يۈز نەچچە ئادەم قېتىم ساقچى كۈچى ئاجرىتىپ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇشەققەتلىك قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى.*






## تۈن جىنايەتچى بىر كېچىدىلا قولغا چۈشتى

1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، تيەنشۇي شەھىرى بېيداۋ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىدىكى 40 كادىر - ساقچىغا تۇيۇقسىز «تۈن نىسپى سائەت 1 دە سىمېنا قوشۇپ ئىشلەيمىز!» دېگەن ئۇقتۇرۇش يەتكۈزۈلدى.

تۈن نىسپى سائەت 0 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا چىراغلار يورۇتۇۋېتىلگەن بولۇپ، رەئىس سەھنىسىدە بالدۇرلا يېتىپ كەلگەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە بېيداۋ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يەن يۇخەي بىلەن جىنايى ئىشلارنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇجيالى ئولتۇراتتى. كادىر ساقچىلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ ئورۇن ئېلىشتى.



—بۈگۈن كېچە بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ بارىمىز. زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى

**تۇتۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۇكاڭ قوغلاپ تۇ-**تۇشقا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلار ھەرىكەت ئەھۋالىنى ماڭا بىۋاسىتە دوكلات قىلىسىلەر، ئەمىسە ئاتلىنىڭلار! - ئىدارە باشلىقى يەن يۇخەي ساقچىلارغا كەسكىن بۇيرۇق قىلدى. بۇ كېچىدىكى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتنىڭ ماقسىتى بېيداۋ رايونى، چىنچېڭ رايونى ھەم شۇ ئەتراپىدىكى خۇيشيەن، چىنئەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغانلىقى مەلۇم بولغان ئوق - دورا، قورال - ياراغ ئوغرىلاپ، ساقلاپ ساتقان جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇ جيالى، بېيداۋ رايونىدا بىرسى قورال - ياراغ ئېلىپ سېتىپتۇ، دېگەن مەخپىي مەلۇماتنى ئېلىپ، ئىشەنچلىك ئادەملەرنى ئاستىرتتىن تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئاخباراتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

لىيۇ جيالى بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلدى ـ دە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى «چوڭقام» دەپ ئاتىۋالغان تيەنشۈي شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتىدىكى خۇيۇڭشېڭنى مەخپىي قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى.

لىيۇ جيالى ۋاڭ شوكاڭ، رۇڭ چىنچۈنلەرنى ئادەم باشلاپ بېرىپ خۇ يۇڭشېڭنى تونۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— مېنى نېمىشقا تۇتىسىلەر، — دەپ سورىدى خۇ.

— دەپ يۈرمىسەكمۇ سەن ئوبدان بىلىسەن، — دېدى ساقچىلار.

— ھەقىچان شۇ قورالنىڭ ئىشىمۇ؟ — دەپ سالدى خۇ.

سوراق قىلىنىش بىلەنلا خۇ ئىقرار قىلدى. ئۇنىڭ ئىقرارى ساقچىلارنى خېلىلا چۆچۈتتى. 1997 ـ يىل 8 ـ ئايدا خۇيۇڭشېڭ مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى جاۋگوسېن بىلەن تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىۋېتىپ قورال توغرىلىق گەپ قىلىپ قاپتۇ. ئۇ جاۋ گوسېنغا، ھازىر جەمئىيەت قالايمىقان، سودا قىلىشمۇ تازا بىخەتەر ئەمەس، بىرەر تال قورال سېتىۋالسام بولاتتى، دەپتۇ. جاۋگوسېن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ياردەمنى ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، نەتىجىدە خۇ نەق مەيداندىلا جاۋغا 3000 يۈەن پۇل بېرىپتۇ. جاۋگوسېن ئۆزى بىلەن بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ماۋ دىخەينىڭ قورال ئوغرىلاپ ساتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۇدۇللا ماۋ دىخەينى ئىزدەپ بارىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە جاۋ بىلەن ماۋ مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا خۇيۇڭشېڭغا «59» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، 2 ئوقدان، 20 پاي ئوق بېرىپتۇ.

يەنە بىر ئاي ئۆتكەن بىر كۈنى خۇ يۇڭشېڭ ئىنىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تاپانچىسىنى كۆز ـ كۆز قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنىسىنىڭمۇ تاپانچىغا ئېرىشكۈسى كېلىپ ئاكىسىغا ئۆزىگىمۇ بىرنى ئەكېلىۋېرىشنى ئېيتىپتۇ. خۇيۇڭشېڭ ماۋدىخەي بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، ماۋ دىخەي بېرىپ مەلۇم ھەربىي ئىسلاھەلەر زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى جاڭ ياۋبىن بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ماۋ دىخەي خۇ يۇڭشېڭغا تېلېفون بېرىپ قورالنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ، ئىككىيلەن مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ نەق سودا قىلىشىپتۇ. خۇ يەنە بۇرۇنقى باھادا «59» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، 70 پاي ئوق بىلەن 2 دانە ئوقداننى ئېلىپ قايتىپتۇ. بۇ ئاددىيلا ئىقرارلاردىن كېيىن ساقچىلار خۇددى:

— ماۋدىخەينىڭ يەنە كىملەرگە قورال ساتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كونكرېت كىملەرگە ساتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما خېلى كۆپ سېتىپتىكەن، — دېدى خۇ يوشۇرمايلا.

— سېنىڭ قورالىڭ قېنى؟ — سورىدى ساقچىلار.

— مېنىڭ قورالىم ھازىر يېنىمدا بار، يەنە بىرى ئىنىمدە، — دېدى خۇ.

ساقچىلار كېچىلەپ ھەرىكەتلىنىپ F01279 ، F01458 نومۇرلۇق ئىككى دانە تاپانچا بىلەن 4 ئوقدان، 90 پاي ئوقنى قايتۇرۇپ كەلدى.

بۇلار مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى بار تاپانچىلار ئىدى.

مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ھەربىي قورال ـ ياراغ سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مەخسۇس ھەربىي سانائىتى زاۋۇتى بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىشلەپچىقارغان قورال ـ ياراغلىرى مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ھەربىي قىسىم، ج خ ئورگانلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىغا سېلىپ بېرىلەتتى. نەچچە يىل ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا بۇ زاۋۇت پايتەخت پولات ـ تۆمۈر شىركىتىگە خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزىدە يەنە ھەربىي سانائەتنى ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالاتتى.

ئىدارە باشلىقى يەن يۇخەي، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لىيۇجيالىلار بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، دەرھال ۋاڭ شوكاڭ بىلەن رۇڭ چىنچۈنلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە ئاجراتتى. ئاندىن يەنە ماۋدىخەينى مەخپىي ھالدا قولغا ئالدى.

بۈگۈن كېچىدىكى ھەرىكەت دەل شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغانىدى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندە مەلۇمات كېلىشكە باشلىدى:

— جاڭ ياۋبىننى تۇتتۇق!

— شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكى تيەن يۇڭخەنى تۇتتۇق!

— يېكەككە تىجارەتچى لىيۇيىپىڭ تۇتۇلدى!

— مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىكى سۈي يوربىن تۇتۇلدى!

— سودا ـ سانائەت بانكىسىدىكى جۇكەيجېڭ تۇتۇلدى!

تاڭ يورۇغىچە خۇيشيەن ناھىيىسىدىكى دېھقان سەي باۋشۇ، خەن خۇەيدى ھەم چىنشەندە تۇرۇشلۇق پاراۋانلىق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى خې جىنرۇڭ، ئىشچى جۇدامىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن



قولغا چۈشتى.

تۈنجى جەڭ ئەپچىللىك بىلەن قىلىنغانىدى.

## ئوغرىلارنىڭ ئىتقاتى يىرتىلدى

ئۈچ كۈن، تۆت كېچە ئۈدا توختىمـاي سوراق قىلىنغاندىن كېيىن قارا پەردە تەدرىجىي قايرىلدى!

1994 ـ يىل 4 ـ ئايدا، مىنشەن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ماۋدېخەي خىزمىتىدىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ زاۋۇتتىكى زاپچاس ئىسكىلاتىدىن مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلەنگەن «56» تىپلىق ئاپتوماتنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىگە كېرەكلىك زاپچاسلارنى كۆپ قېتىم ئوغرىلىغاندىن كېيىن، 1996 ـ يىلى چاغاندىن بۇرۇن قانۇنسىز ھالدا بۇ زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق بىر دانە «56» تىپلىق ئاپتوماتنى ياساپ ئۆيىدە ساقلاپ، ئاندىن پۇرسەت كەلگەندە ساتماقچى بولدى.

ماۋ دېخەي بۇ جىنايەتنى ئوغرىلىقچە قىلىۋاتقاندا مەزكۇر زاۋۇتتىكى يەنە بىرەيلەنمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتاتتى. پەقەت ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈرىكى قاپتەك بولۇپ، ماۋ دېخەيدىن چاققان كەلگەنىدى. ئۇ دەل تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى جاڭ ياۋبىن ئىدى. 1995 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جاڭ ياۋبىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەزكۇر زاۋۇت تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ ئىش ئورنىدىن مەزكۇر زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «59» تىپلىق تاپانچىدىن 12 نى، «0.38» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، 26 ئوقدان ئوغرىلاپ ماۋدېخەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ماۋدېخەي بۇ قوراللارنى ساتقان. ماۋدېخەي يەنە شۇ زاۋۇتتىكى سۈي يورېن، جاۋ گوسېن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە كامانىلوروپكا پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سېتىۋالىدىغان ئادەملەر بىلەن ئالاقىلەشكەن. ئۇلارنىڭ قولىدىن سېتىۋالغانلار بولسا، بۇ قوراللارغا يەنە باھا چاپلاپ ئەتراپتىكى بىر نەچچە ناھىيە ھەم گەنەندىن (جەنۇبىي گەنسۇ)، لىنشيا، مىنشيەن قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ ساتقان. بۇ قوراللار تۈنجى قولدىن 3000 يۈەنگە سېتىۋېلىنغان بولسا، ئاخىردىكىلەر ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن 8000 يۈەندىن ساتقان.

13 دانە قورال مانا مۇشۇنداق ئېلىپ ـ سېتىلىپ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتكەن. بۇ قوراللار مۇنتىزىم قوراللار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرلىرى بار ئىدى، مەسىلەن: FD1439، FD0098، FD0314 ...

مەزكۇر دېلوغا ئىشچى، دېھقان، كادىر، يەككە تىجارەتچى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 26 ئادەم چېتىلغانىدى، بۇ كىشىلەر



گەنسۇ، شەنشى، چىڭخەي، شىنجاڭ، نىڭشيادىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارقالغان. شۇ كېچىدىكى ھەرىكەتتە ئاران بەش دانە قورال يىغىۋېلىنىدى. يەنە تۆت دانە قورال لەنجۇدا، ئۈچ دانىسى لىنشيادا، بىر دانىسى گەننەندە، بىر دانىسى مىنشيەندە ئېقىپ يۈرۈۋاتاتتى.

لەنجۇدا بولسا قارىۋاي چوڭ ئام ۋەن شىجۇ تېلېغوندا تەھدىت سېلىپ:

ـ ھەممىڭلارنى پارتلىتىۋېتىمەن! ـ دەپ دوق قىلىۋاتاتتى.

ئىقرارنامىگە ئاساسلانغاندا، لەنجۇدا تۆت دانە قورال بولۇپ، چېن جيەنبياۋ، ۋەن شىجۇ، ليۇ شۈۋېي، ۋۇياخۇدىن ئىبارەت تۆت كىشىنىڭ قولىدا ئىدى. ۋاڭ شۇكاڭ، رۇڭ چىجۇنلەر ئەترەتتىكى ئون كادىر، ساقچىنى باشلاپ لەنجۇ شەھىرىدىكى «1 ـ ئاۋغۇست» مېھمانسارىيىنىڭ 6 ـ قەۋىتىدىن تۆت ياتاقنى ئېلىپ ئورۇنلاشتى.

ياتاقتا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ۋاڭ شۇكاڭ تيەنشۈيدە تورۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇجيالىيغا ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى. ليۇ جيالى ئۇلارغا دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىشىنى، بىر گورۇپپىنىڭ ليۇشۈۋېينى تۇتۇشنى، يەنە بىر گورۇپپىنىڭ بىر ئامال قىلىپ ۋەن شىجۇنى ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ليۇ جيالى، قورال ساتتى، دەپ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان گۇماندار ليۇ يىپىڭنى تيەنشۈيدىن ئۇزىنى لەنجۇدا تورۇۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىپ لەنجۇدىكى ۋەن شىجۇغا تېلېفون بەرگۈزدى:

ـــ مەن ليۇ يىپىڭ، مەن ھازىر لەنجۇدا، «1 ـ ئاۋغۇست» مېھمانسارىيىنىڭ 623 ـ ئۆيىدە تورۇۋاتىمەن. سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، تېزراق كەلسەڭ! ـــ دېدى. ۋەن شىجۇ كۆرۈشۈشكە تېزلا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، 623 ـ ئۆيگە زادىلا كەلمىدى. ليۇجيالى ليۇيىپىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تېلېفون بەرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋەن شىجۇ خۇددى بىر شەپىنى سېزىپ قالغاندەك زادىلا كەلگىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. چۈشتىن كېيىن ۋەن شىجۇ «1 ـ ئاۋغۇست» مېھمانسارىيىنىڭ 623 ـ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ:

ـ مەن ليۇيىپىڭنى ئىزدەيتتىم! ـ دېدى.

ـ ئۇ بىنادىن پەسكە نەرسە سېتىۋالغىلى چۈشۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ خىزمەتچىسى، گەپ بولسا ماڭا دېسىڭىز بولىدۇ، ـ دېدى ساقچىلار ئىلاجىسىز.

قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويىۋەتتى. كېيىن ۋەن شىجۇ يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ليۇيىپىڭنى ئىزدەپ بىر

نەچچە قېتىم تېلېفون بەرگەندە، ساقچىلار ئىلاجسىز ئەپلەپ -سەپلەپ بىر نېمىلەرنى دەپ قۇتۇلدى. قارشى تەرەپمۇ تاقەت قىلالماي ئاخىرى:

— ئۇنىڭ مەندە زادى نېمە ئىشى باركەن؟ قېنى دە! - دېدى. قارىغاندا ئالداپ تۇتۇش ئاقمايدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ليۇجيالي ليۇيىپىڭنى قورال ساتقان ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىق دېيىشكە بۇيرىدى. ليۇيىپىڭ ۋەن شىجۇغا تيەنشۈي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ «1 - ئاۋغۇست» مېھمانسارىيىغا ئورۇنلىشىپ قوراللارنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ قورالنى شۇ جايغا ئەكىلىپ بېرىشىنى ئېيتتى. ۋەن شىجۇ بىر نەرسە دېمەيلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. كەچ سائەت 21 دە 623 - ياتاقنىڭ تېلېفونى يەنە جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوندا بىرمىلەن:

— مەن ۋەن شىجۇ، مېھمانسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قىزىل رەڭلىك بىر «شيالى» بار. قورال شۇ تاكسىنىڭ شوپۇرىدا، سىلەر چۈشۈپ ئېلىۋېلىڭلار! — دېدى.

تيەنشۈي شەھىرى بېيداۋ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ لىمىن بىر ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ بىنادىن چۈشتى. دەرۋەقە دەرۋازا ئالدىدا قىزىل رەڭلىك بىر «شيالى» تۇراتتى. ياڭ لىمىن تاكسى يېنىغا كەلگەندە:

— سىلەر تيەنشۈيدىن كەلگەن ساقچىلارغۇ دېمەمەن، مانا بۇ ماشىنامدا ئولتۇرغان بىر يولۇچىنىڭ سىلەرگە بېرىپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلغان نەرسىسى، — دېدى شوپۇر ياڭ لىمىنغا.

ياڭ لىمىن بىناغا قايتىپ چىقىشىغىلا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

— تيەنشۈيلىك ساقچىلار، سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، بۇ دېگەن لەنجۇ، بىزدەكلەرنىڭ قائىدىسىنى بىلىشىڭلار كېرەك ئىدى، سىلەر مېنى مۇنداقمۇ ئالدىمسىلەر، بۇ تازا قاملاشمىدىغۇ دېمەمەن، — بۇ ۋەن شىجۇنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— شەخسلەرنىڭ قورال - ياراغ ساقلىشى جىنايەت، شۇنىمۇ بىلمەمتىڭ؟ ياۋاشلىق بىلەن ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىشلا بىردىنبىر چىقىش يولۇڭ، - دېدى ساقچىلار ھەققانىي ھەم قەتئىي تەلەپپۇزدا.

ۋەن شىجۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيلا قالماستىن، يەنە قەستەن يەتتە - سەككىز قېتىم تېلېفون بەردى، تېلېفوننى ۋاڭ شۇكاڭ بىلەن ياڭ لىمىنلار ئالدى. ئۇ تېلېفوندا:

— مەن 5 - قەۋەتتە ئۇچ ئېغىز ئۆي ئالدىم، سەنلەر پەقەت لاتا پىكاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھامىنى تۇگىشىسىلەر، بىرىڭلارنىمۇ ساق قويماي پارتلىتىپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن! - دەپ پوپوزا قىلدى.

ليۇ شۆۋبىنى تۇتقىلى كەتكەن رۇڭ چىچۈن، جېڭ باۋخۇ، گاۋمىڭ قاتارلىق يولداشلار تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. تاكى سەھەر سائەت 2 بولغاندىلا رۇڭ چىچۈن قاتارلىقلار ليۇشۆۋبي بىلەن جاۋگوسېننى يالاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يەنە 2 تال تاپانچا بىلەن بىر قاپ ئوقنىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

## چېن جيەنبياۋنىڭ تۇتۇلۇشى

ماۋ دېخەينىڭ ئىقرار قىلىشىچە، لەنجۇغا سېتىۋېتىلگەن قوراللاردىن 2 تال تاپانچىنى چېن جيەنبياۋ ساتقان، دېمەك ئۇنىڭ قولىدا يەنە 2 تال تاپانچا بار ئىدى.

ئەتىگەندە كىشىلەر ئىشقا چۈشۈشى بىلەن تەڭ ۋاڭ شۇكاڭ، ياڭ لىمىن، ياڭ شىنگۈي، گاۋمىڭ قاتارلىقلار چېن جيەنبياۋنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىۋىدى، ئۇنىڭ قىزى تېلېفوننى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ «ئاۋشاتسىيە» مېھمانسارىيى ئەتراپىدا ئېچىۋالغان «كالا گۆشى ئۇگرىخانىسى» دا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار تۈتەيلەن سوراپ يۈرۈپ بىر «كالا گۆشى ئۇگرىخانىسى» غا كىرىپ ھەر بىرمىلەنگە بىر قاچىدىن تاماق بۇيرۇتتى. ئۇلار تاماق يېگەچ بېلەت كەسكۈچى بىلەن پاراڭلاشتى.

— سوداڭلار قانداقراق؟

— يامان ئەمەس!

— سىز خوجايىنمۇ؟

— شۇنداق!

ۋاڭ شۇكاڭ بىردىنلا:

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز چېن جيەنبياۋمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟ — دېدى خوجايىن.

— بىز سىزنى ئىزدەۋاتقىلى نەچچە كۈن بولدى، — دېدى ۋاڭ شۇكاڭ. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇلار يەۋاتقان ئىشىنى قويۇپلا چېن جيەنبياۋنى قورشىۋالدى. ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپ ماشىنىغا ئېلىپ چىقىلغاندا چۈش سائەت 13 بولغانىدى.

مېھمانسارايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق داۋام قىلغان سوراقتا چېن جيەنبياۋ ئۆزىنىڭ قورال ساتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ شۇكاڭ دەرھال تيەنشۈيدىكى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇجيالي بىلەن ئالاقە قىلدى. ليۇجيالي ماۋدېخەي بىلەن چېن جيەنبياۋنى تېلېفوندا كۆرۈشتۈردى. ماۋدېخەي تېلېفوندا:

— بۇرادەر، چاتاق بولدى، مەن قولغا چۈشتۈم، ھەممىنى دەۋەتتىم! — دېۋىدى،





چېن جيەنباۋمو لاسسىدە بوشىشىپ:

— مەن تاپشۇراي، — دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماۋدېخەيدىن ھەقىقەتەن 2 تاپانچا سېتىۋالغانلىقىنى، بىرىنىڭ ئۆز يېنىدا ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرسىنى ۋوياخۇغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

رۇڭ چىچۈن سەھەر سائەت 4 بولغاندا لەنجۇدىن تيەنشۈيگە يولغا چىقىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا ليۇشۇۋېينى يالاپ ساق - سالامەت يېتىپ باردى. ل. يۇجيالى لەنجۇدا ئادەم كۆچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇڭ چىچۈننى يەنە لەنجۇغا ئەۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 15 تە ۋاڭ شۇكاڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە بېرىپ ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى دوكلات قىلدى. نازارەت ئۇنىڭغا: «نازارەت ۋۇياخۇ بىلەن ۋەن شىجۇنى تۇتۇشقا لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنى بۇيرۇيدۇ، سىلەر دەرھال لىنشيا بىلەن گەنەنگە تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ باشقا جىنايەتچىلەرنى تۇتۇڭلار! نازارەت دەرھال يۇقىرىقى ئورۇنلارغا تېلېفوندا ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تيەنشۈيدىن بارغانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ»، دېدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 18 دە رۇڭ چىچۈن يەنە لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. نازارەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تيەنشۈيدىكى ليۇجيالىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن چۈشتىن كېيىن سائەت 18 دە ۋاڭ شۇكاڭ قاتارلىقلار چېن جيەنباۋنى يالاپ كېچىلەپ تيەنشۈيگە قايتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇيرۇققا ئاساسەن 3 ماشىنا، 13 ساقچىنى باشلاپ ياۋلەيشىنى ئېلىپ لىنشياغا يولغا چىقتى.

## جەڭ لىنشياغا يۆتكەلدى



ماۋ دېخەينىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئۇ بىر ئاپتوماتنى ۋە 2 تاپانچىنى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ماجېڭشياڭ بىلەن مالىغا ساتقان. ماجېڭشياڭ ئەسلىدە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مىنخې دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ھازىر لىنشيادا يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى.

ماۋدېخەي ماجېڭشياڭ بىلەن بىر يىل بۇرۇن يويمىردا تونۇشۇپ بىر بىرىنىڭ تېلېفونلىرىنى خاتىرىلىۋېلىشقانىدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا قورال سېتىۋېلىش توغرىلىق سۆزلەشكەن. يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلار لەنجۇدا سودا قىلىشقان، ئۇ چاغدا ماجېڭشياڭ بىلەن مالى بىللە ھەرىكەت قىلغانىدى.

كەچ سائەت 21 دە ۋاڭ شۇكاڭ قاتارلىقلار لىنشياغا يېتىپ باردى. مالى تۇتۇلدى.

مالى سوراق قىلىنغاندىن كېيىن مالى بىلەن ماجېڭشياڭنىڭ 1997 - يىل ماۋدېخەيدىن بىردىن تاپانچا سېتىۋالغانلىقى، ماجېڭشياڭنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ماكيەن دېگەن جايدا ئالتۇن كان ئاچقانلىقى، مۇندىن تۆت ئاي ئىلگىرى ماجېڭشياڭ لىنشياغا كېلىپ مالىنىڭ تاپانچىسىنى ئارىيەت ئېلىپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى. سوراق نەتىجىسى بىلەن ئىگىلەنگەن ئەھۋالنى تەھلىل قىلىشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر ماجېڭشياڭنىڭ قولىدا تاپانچا، ئاپتومات بولۇپ ئۈچ دانە قورال بار ئىدى. ئەھۋالدا بىردىنلا ئۆزگىرىش بولۇپ، ماجېڭشياڭ 1 - نومۇرلۇق تۇتۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

شۇ ئاخشىمى ۋاڭ شۇكاڭ ئەھۋالنى ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە ھەم ليۇجيالىغا دوكلات قىلدى.

ئەتىسى ۋاڭ شۇكاڭ قاتارلىقلار مالىنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ گەنەنگە يول ئالدى. ياۋلەيشىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئۇ خەن خۇەيدېنىڭ قولىدىن ئىككى تال تاپانچا سېتىۋالغان، قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ بىرىنى 7000 يۈەنگە مىنشيەندىكى ماخەيچىڭ-

غا، يەنە بىرىنى 8000 يۈەنگە گەنئەن زاڭزۇ ئوبلاستى-نىڭ دېيىۋ ناھىيىسىدىكى دېھقان كاڭ جۇجيۇغا ساتقان. ۋاڭ شۇكاڭ قاتارلىقلار گەنئەن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىدا ئىدارە باشلىقى لى يۇڭخې بىلەن كۆ-رۈشكەندىن كېيىن دەرھال دېيىۋ ناھىيىسىگە ئاتلاندى.

ۋاڭ شۇكاڭ كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ لىنشيا، گەنئەن، مىنشيەن قاتارلىق جايلارغا كەتكەندە، لەنجۇ شەھەرلىك جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىمۇ نازارەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ۋەن شىجۇ، ۋۇ-ياخۇلارنى تەكشۈرۈپ تۇتۇش خىزمىتىنى جىددىي ئې-لىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لەنجۇ شەھەرلىك جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى ۋۇياخۇ ئېچىپ تىجارەت باشلىغان بىر مېھمانخانىنى ئاختۇرغاندا، ۋۇياخۇ شەپىنى سېزىپلا قېچىپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن «59» تىپلىق 2 تاپانچا، 4 ئوقدان، 5 پاي ئوقنى تاپتى.

بۇ دەل مىنشيەندىكى زاۋۇتتىن ئوغرىلانغان قورال ئىدى.

## ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدا قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋېشى - قارىۋاي چوڭكام تۇتۇلدى

ۋەن شىجۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇزى شەرقىي شىماللىق بولۇپ، 42 ياشقا كىرگەن. ئىلگىرى ئۇلكىلىك تەنتەربىيە سارىيىدا يەتتە يىل تىكناك توپ تەنھەرىكەتچىسى بولغان، شىگۇ تەنتەربىيە كومىتېتىدا تىرېنېر بولغان. 1982 - يىلى ئوغرىلىق قىلغانلىقتىن شىگۇ سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 8 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن لەنجۇ سودا چەكلىك شىركىتىنى قۇرغان.

ئۇنىڭ سودىسى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى، پۇلىمۇ خېلى كۆپ ئىدى، لەنجۇ شەھىرىنىڭ تازا ئاۋات يېرىدىن 800 مىڭ يۈەنگە بىر ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ سېتىۋالغان، ئەتراپىدا بىر توپ ئەگەشكۈچىلەرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى «قارىۋاي چوڭكام» دەپ ئاتىۋېلىپ كېرىلىپ يۈرەتتى، يېنىدىن ئاشىنىسى ئايرىلمايتتى. تيەنشۈي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرەلمىگەنىدى، ئەمما ئۇ قورقۇپ كېتىپ تاپانچىنى قىزىل رەڭلىك تاكسىنىڭ شوپۇ-رىدىن ساقچىلارغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئۇ تولىمۇ زور زىيان تارتقاندەك ھېس قىلىپ، ئاشۇ ئاخشىمى تيەنشۈيدىن كەلگەن ساقچىلار چۈشكەن «1 - ئاۋغۇست» مېھمانسارىيىنىڭ 623 - ئۆيىگە ئۇن

نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ تىللاپ، تەھدىت سال-دى، تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك قولچوماقلىرىنى ئەۋ-ەتىپ ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، ئەمما ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، نازارەت جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسى زور دېلولار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جيانىڭ بىلەن راز-ۋېدكىچى جاڭ جۈن، دۈزىشۆلەر ئىشتىن چۈشەيلى، دەپ تۇرغاندا تېلېفون بىردىنلا جىرىڭلاپ كەتتى، تېلېفون لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى ئاخبارات ئەترىتىنىڭ باشلىقى يەن رۈيفېڭدىن كەلگەن بولۇپ، ۋەن شىجۇ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى!

جاڭ جيانىڭ تۇرۇپكىنى قويۇپ ئىككى ساق-چىنى باشلاپ ئۇدۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا بې-رىپ، سائەت 8 دە ھەرىكەتلىنىشنى قارار قىلدى. سېسىق نامى پۇر كەتكەن ۋەن شىجۇنى تۇتۇش ئويلىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنى تۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەتتىن بۇرۇن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى: گۇگيۈەنشياڭ ساقچىخانىسىنىڭ ئايال ساقچىسى نوپۇس تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئىشىكنى چېكىپ ئاچقۇزماقچى، ئاندىن نازارەتتىن ھەرىكەتكە قاتناشقان جاڭ جيانىڭ، جاڭ جۈن، دۈزىشۆلەر تاپان بېسىپ كىرمەكچى بولۇشتى، بىنانىڭ ئەتراپىغىمۇ ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ساقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئايال ساقچى ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ — ئىچىدىن بىرەيلەن سورىدى. ئارقىدىنلا بىر بۆرە ئىتنىڭ ئەسەبىيلەرچە قاۋىغىنى ئاڭلاندى.

— مەن گوگيۈەنشياڭ ساقچىخانىسىدىن، نوپۇس تەكشۈرگىلى كەلدىم، ئىتىڭلارنى باغلاپ قويۇڭلار! — دېدى ئايال ساقچى.

ۋەن شىجۇ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئېچىلىشىغىلا دۈزىشۆ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يا-قىسىدىن تارتىپ چىقاردى، يەنە ئىككى ساقچى چۈشەنلۈرۈپ ئولتۇرمايلا ۋەن شىجۇنى پەلەمپەيگە بېسىپ تۇرۇپ قولىغا كويزا سالدى.

## ئالتۇنتاغقا تۇنجى سەپەر

شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چېگ-رىلىنىدىغان يېرىدە ئالتۇن كان ئېچىۋاتقان ما-جېڭشياڭنى تۇتۇش ئۈچۈن گەنسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى جاڭ جيانىڭ، جاڭ جۈننى تيەنشۈي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-لىقى جى گۇاڭجۈن، بېيداۋ رايونلۇق ج خ



شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇجيالىيغا ماسلىشىپ چېگىخەي ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىگە بېرىپ ئۇلاردىن ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، لىنشيا بىلەن گەنەنگە ئەۋەتىلگەن يولداشلار ماچېڭشياڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى چاقىلىق ناھىيىسىگە ما چېڭشياڭنى تۇتقىلى ئەۋەتتى.

خېشى كارىدورى، ئاقسايلار ئارقىلىق چىلانتاغدىن ئۆتۈپ چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ دېلىڭخا ۋىلايىتىدىكى ماڭيەن مەمۇرىي مەھكىمىسى جايلاشقان خۇاتۇگوغا كەلگەندىن كېيىن خېيشى ئوبلاستلىق ج خ باشقارمىسىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. باشقارمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ گېنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن سەپداشلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ماچېڭشياڭ تىلغا ئېلىنىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدە ئالتۇن كان ئاچىدىغانلىقى، بەزىدە چىڭخەي تەرەپلەرگە بېنزىن ئالغىلى كېلىدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان جايلىرى بارلىقىنى ئېيتىشتى.

ئوتگۇل ـ دوتگۇل تاشيول بەزىدە چەكسىز كەتكەن باياۋانغا سوزۇلسا، بەزىدە گىياھسىز تىنىك ھالىت قىيالىق، جىلغىغا سوزۇلۇپ باراتتى. بۇ زېمىن دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغاچقا ماشىنىنىڭ ئوتى گاھ ـ گاھ ئۆچۈپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ساقچىلار ماشىنىنى ئىتتىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇ كۈنى ئۇلار 200 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يولنى توپتوغرا 13 سائەت يۈردى. چاقىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، سىياسىي كومىسسار جۇ ماچېڭشياڭنى تۇتۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

ما چېڭشياڭ ھەقىقەتەن باي ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2000 دىن كۆپرەك ئالتۇن قازغۇچى ئىشچى ئىشلەيتتى. 1993 ـ يىل بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقاندىن بۇيانقى بىر نەچچە يىلدا ئۇنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇل كۆپىيىپ 70 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ما چېڭشياڭ يەتتە نەپەر مۇھاپىزەتچى ياللىۋالغان بولۇپ، مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېچە ـ كۈندۈز پەرۋانە ئىدى. بۇ يەردىكى نەچچە يۈز كان ئىگىسى ئىچىدە ئۇنىڭ «1 ـ زومىگەر» دېگەن نامى بولۇپ، قولىدا 7—8 تال مىلتىق بار ئىدى. ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ خۇنى بار ئىدى. بىر ئىشچى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاچقا ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنى ئۇرۇپ



ئۆلتۈرگۈزگەن، يەنى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن» ىدى.

بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى تۆت ساقچىنى باشلاپ مۇزتاغ چوققىسىدىكى بۇ ئالتۇن كان رايونىغا باشقا بىر ۋەزىپە بىلەن بارغاندا، ماچېڭشياڭنىڭ تاغدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتماقچى بولغان، ئەمما ئادەم ئاز كېلىپ قالغاچقا ماچېڭشياڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن تۆت ساقچىنى تۇتۇۋېلىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز سولاپ قويغان ھەم:

—ئۆزۈڭلارچە تېخى مېنى تۇتماقچىمۇ بولۇۋاتامسىلەر؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسىلەر، مېنىڭ پۇلۇم سىلەرنىڭ ج خ ئىدارەڭلەرنى سېتىۋېلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما، تونۇشلۇقىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن سىلەرنى قويۇپ بېرەي، مەن سىلەرنىڭ بىر ئاپتوماتىڭلار بىلەن 4 تال تاپانچاڭلارنى مۇسادىرە قىلىۋالدىم، — دەپ كۆرەڭلەپ ساقچىلىرىمىزغا بىر مۇنچە ھاقارەت قىلغان.

رۇڭ چىچۈن قاتارلىقلار بۇلارنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن بېرىلاي دېدى. ئۇلار دەرھال تاغقا چىقىپ ماچېڭشياڭ بىلەن ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولۇشتى.

—بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، —دېدى سىياسىي كومىسسار جۇ رۇڭ چىچۈن قاتارلىقلارغا نەسىھەت قىلىپ، —سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار بىزگە ئايان، ئەمما ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بەك ئېغىر. ماچېڭشياڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتقا تايىنىپ بىز بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالىغان.

—سىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ يەردە كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتىسىلەر، بىز كېلىپ قوشۇلدۇق، نېمىلەر قورقاتتۇق، ـ دېدى رۇڭ چىچۈن ۋە گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، ـ ئاشۇ ئالتۇن قازغۇچىلار بەرداشلىق بېرەلىگەن يەردە بىز بەرداشلىق بېرەلمەسمىزمۇ؟

—سىلەر ئەمدىلا كەلدىڭلار، بىز بولساق بۇ يەرگە كۆنۈك. سىلەر ئۇ يەردە ئېگىزلىكنىڭ رېئاكسىيىسىگە ئۇچرايسىلەر. ئەلۋەتتە، مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن 600 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق، ماي قاچىلايدىغان يەر تۇرماق غىزالانغىدەك يەرمۇ يوق. گەرچە بىر كىچىك ماشىنا بىلەن بارغىلى تەقدىردىمۇ يەنە بىر ئاپتوموبىل ئارقا سەپكە كاپالەتلىك قىلمىسا بولمايدۇ. بۇ بىر ئاپتوموبىلغا يېنەرلىك بېنزىن، سۇ، ئوزۇقلۇق، چېدىر، ئوكسىگېن خالتىسى ئېلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە 50 مىڭ يۈەن بولمىسا بولمايدۇ، —دېدى سىياسىي كومىسسار جۇ.

ـ ئەجەبا، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئامال يوقمۇ؟

—ناھىيىلىك پارتكوم بىزنىڭ پات ئارىدا چوڭ كۆلەمدە تاغقا كىرىپ مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىپ تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەستىقلىدى. بىز مۇشۇ ھەرىكەتكە تەييارلىنىۋاتىمىز. ئىدارىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قوراللىق ساقچى قىسمىمۇ ماسلىشىشى كېرەك.

ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى.

ئەتىسى چاقىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ زور داغدۇغا بىلەن نەرە تارتىپ تاغقا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋاقىتلىق نوپۇسنى رەتلەپ تىزىملاش، ئامانلىق ساقلاشقا ئائىت مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆۋلىغانلارنى قولغا ئېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، مۇشۇ ئالاھىدە رايوننىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئۇسۇلى ئىدى.

رۇڭ چىچۈن قاتارلىق يەتتە ساقچى ناھىيىدە تىت - تىت بولۇپ ساقلىماقتا ئىدى.

10 كۈندىن كېيىن چاقىلىق ج خ ئىدارىسىدىكىلەر قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇلار ماجېڭشياڭ توغرىلىق ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان خەۋەر ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ماجېڭشياڭ بۇ قېتىم شەپىنى سېزىپ قېلىپ تىكىۋەتكەنىدى.

رۇڭ چىچۈن قاتارلىقلار چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ ماڭيەن دېگەن يېرىگە قايتتى، چىڭخەيلىك سەپداشلارمۇ چاقىلىقلىق سەپداشلارغا ئوخشاش ۋەدە بەردى.

## ئالتۇنتاغقا قايتا سەپەر

ئارىدىن بىر ئايدەك ئۆتتى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى گەنسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە، ماجېڭشياڭ چاقىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇلدى، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كېتىڭلار! دەپ خەۋەر بەردى.

گەنسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشى دەپ بىلىپ ئوبدان ماسلاشقان شىنجاڭلىق سەپداشلىرىغا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي قالدى.

ئۆتكەن قېتىم گەنسۇدىن كەلگەن ساقچىلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چاقىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ماجېڭشياڭنى تۇتالماي قايتىدىن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كونكرېت ۋەزىپىنى ئالتۇن كان تەۋەسىنى ئاساسلىق باشقۇرىۋاتقان چىمەنتاغ ساقچىخانىسىغا تاپشۇردى. ساقچىخانا ۋەزىپىنى ئەس-تايىدىل ئورۇنداشقا تىرىشىپ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ماجېڭشياڭ بىلەن ئوغلى مايىنۇنىڭ مۇزتاغ چوققىسىدىكى ئالتۇن كاندا بارلىقىنى ئىسپاتلىدى - دە، دەرھال ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا دوكلات قىلدى. ج خ ئىدارىسى دەرھال ئالتە ساقچى بىلەن تۆت قوراللىق ساقچىنى ئالتۇن كانغا ئەۋەتتى. ئەمما، ما جېڭشياڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالغاچقا ساقچىلار قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئالتۇنتاغنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ كېتەتتى، قار ياغسىلا پۈتكۈل تاغ يوللىرى ئېتىلىپ ئادەملەر قامىلىپ قالاتتى. ئادەملەر پەقەت كېلەر يىلى 5 - ئايدىلا ئاندىن تاغدىن چۈشەلەيتتى. پۇل ۋەسۋەسىگە چۈشكەن مىڭلىغان ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تاغدىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىپ يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ بىر ياخشى پۇرسەت بولۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلانغان چىمەنتاغ ساقچىخانىسى ئالتۇن قازغۇچىلار چوقۇم ئۆتمىسە بولمايدىغان يولدا توساق - چازا قۇرۇپ ماجېڭشياڭنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئالتۇن قازغۇچىلار تاغدىن چۈشكەن كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە تاڭ ئەمدىلا يورىغانىدى. ماجېڭشياڭ ئوغلى مايىنۇ بىلەن بىللە بىر قارا ماشىنىنى ھەيدەپ ئالتۇن كاندىن 300 كىلومېتىر يۈرۈپ چىمەنتاغدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قۇرۇلغان چازىغا يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ما جېڭشياڭ، تاڭ ئەمدىلا يورىدى، ساقچىلار بۇنداق چاغدا چازا قۇرغان جايدا تۇرمايدۇ، دەپ ئويلاپ، سەھەرگە توغرىلاپ بۆيەردىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى. ماجېڭشياڭ ئالدى تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇقتا قاراپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە «چىمەنتاغدىن ئۆتۈۋالساملا چاقىلىققا بېرىۋالىمەن، چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا بېرىۋالسام يوشۇرۇنىدىغان جايدىن غەم قىلىش ھاجەتسىز» دەپ چوت سوقۇپ كېتىۋاتقاندا، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن ساقچى چىرىغى يورىدى. ماجېڭشياڭ ئالدىراپ - سالدىراپ ماشىنىنى توختىتىپ، يېنىدا ئېلىۋالغان «59» تىپلىق تاپانچىنى ئوغلىغا بېرىپ ئۇنى بىر تۈپ تۆگە تاپاننىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ماشىنىنى ھەيدەپ ئاستا - ئاستا چازا ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى، چازا چۈشۈرۈلۈشىگە ئاز قالغاندا ماجېڭشياڭ ئوغلىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ماشىنىنى تېزلىتىپ چازىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ساقچىلارمۇ دەرھال ماشىنىغا چىقىپ ئارقىدىن قوغلىدى.

دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئېگىزرەك بولغان بۇ چۆل - باياۋاندا ئىككى ماشىنا خۇددى ئېلىشىۋاتقان ئىككى ئەجدىھارغا ئوخشاش قوغلاشماقتا ئىدى. ئۈچ سائەت ئۆتكەندە، ما



چېڭشياڭنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرى ئاجراپ كەتكەنلىك ھالىتىن كېتىپ ئاخىرى ماشىنىنى توختىتىپ تەقدىرگە تەن بەردى.

تيەنشۈيلىن كەلگەن ساقچىلار چىمەنتاغ ساقچىخانىسى كۆرسەتكەن پىداكارلىقلارنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى. ئۇلار دەرھال ماچېڭشياڭ ئاتا ـ بالىنى سوراق قىلدى. ماچېڭشياڭنىڭ ئىقرار قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ماۋ دېخېيلىن ئىككى قېتىمدا بىر «59» تىپلىق تاپانچا بىلەن بىر ئاپتومات سېتىۋېلىپ ئالتۇنتاغقا ئەكەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە بۇ قېتىم تاغدىن چۈشكىچە ئاپتومات بىلەن كىچىك كالىبىرلىق تاپانچىنى ھەم بىر ماۋزورنى مۇزتاغ چوققىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 7000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويۇپ پەقەت «59» تىپلىق تاپانچىنى ئېلىۋالغان.

ۋاڭ شۇكاڭ بىلەن ليۇجېن چىمەنتاغ ساقچىخانىسىغا بېرىشنى قارار قىلدى. چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىن بۇ ساقچىخانىغا يەنە 300 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار 4000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرگەن يەردە 300 كىلومېتىر يول دېگەن نېمىتى؟ چۈنكى ئۇلار ماچېڭشياڭنىڭ ئوغلى چۆلگە كۆمۈۋەتكەن تاپانچىنىڭ غېمىدە ئىدى، ئۇ تاپانچىنىڭ ۋاقىت ئۇزارسا تېپىلماي قېلىشىدىن بەكرەك ئەنسىرەشتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار ماچېڭشياڭ، ماينۇ، مالىنى تۇتقان تەقدىردىمۇ قولدا ماددىي ئىسپات بولمىسا كېيىنچە سوت ئېچىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتەتتى، ئۇ چاغدا بۇ يەرگە كەلگەن بىلەنمۇ بىكار ئىدى.

چىمەنتاغ ساقچىخانىسىدىكى بارلىق كادىر ـ ساقچىلار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ساقچىخانىدا بارى ـ يوق ئاران تۆتلا ساقچى، يەنى ساقچىخانا باشلىقى كامىل ئابدۇۋەلى، مۇئاۋىن باشلىقى شى جيەنمىن، ئامانلىق ساقچىسى يەن خەيجۈن، ئىچكى خىزمەت ساقچىسى جۇڭ شياڭيىنلا بار ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ ساقچىخانىغا سىرتتىن ساقچىلار كامانىدىروپكىغا كېلىپ باقمىغانىدى، ھەتتا بۇ يەرگە يىلدا بىرەر ئادەم كېلىپمۇ باقمايتتى، شۇڭا بۇ ساقچىخانا ھەقىقەتەن زېرىكىشلىك ئىدى. گەنسۇلۇق ئالتە سەپداشنىڭ كېلىشى بىلەن ساقچىخانىدىكىلەر ھېيت بولغاندەك شادلىنىپ كېتىشتى.

چاقىلىق ناھىيىسى 220 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئىگە بولسىمۇ، نوپۇسى 20 مىڭدىن ئاشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان چىمەنتاغ يېزىسىدا شۇ چاغدا ئاران 103 نوپۇس بار ئىدى.

ئاران تۆتلا ئادىمى بار بۇ ساقچىخانىنىڭ باشقۇرۇشىنىڭ شۇنچىلىق مۇنتىزىملىقى ۋاڭ شۇكاڭنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.



ۋاڭ شۇكاڭ چىمەنتاغ يېزىلىق ساقچىخانىغا بارغان كۈنى كەچتىلا يەنە 30 كىلومېتىر يول يۈرۈپ «59» تىپلىق تاپانچا كۆمۈۋېتىلگەن جايغا ئاتلاندى. ساقچىخانىدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ئىزدەپمۇ تاپانچا كۆمۈپ قويۇلغان تۆگە تاپىنىنى تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا توپ ـ توپ بۆرىلەر ھۇۋلىشاتتى. تاپالمىغاندىن كېيىن ئەتىسى كېلىپ ئىزدىمەكچى بولۇپ قايتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جيەنمىن گەنسۇلۇق سەپداشلارنى باشلاپ بېرىپ ئۈچ سائەت ئىزدەپمۇ تاپانچىنى يەنىلا تاپالمىدى. ۋاڭ شۇكاڭ چۈشتىن كېيىن شى جيەنمىننىڭ ھەمراھلىقىدا ماينۇنى ئېلىپ بېرىپ ئىزدىدى. ماينۇ بەش سائەت ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. ئۈمىد ئۈزۈلۈش ئالدىدا ۋاڭ شۇكاڭ ماينۇنى خىزمەت ئىشلەپ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئوبدانراق ئەسلەپ بېقىشقا ئۈندىدى. ماينۇ بىر جايدا كۆپ قېتىم ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى:

—سىلەر ھە دېسىلا ماڭا ئەگىشىۋالماڭلار، ئۆزۈم يالغۇز بىر ئىزدەپ باقاي، —دېدى ـ دە، ئۆزى يالغۇز بىر ھازا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ بىر چاغدا:

—تاپتىم، —دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر تۈپ قۇرۇق چۈپىنىڭ تۈۋىدىكى قۇم دۆۋىسى ئىچىدىن تاپانچىنى كولاپ ئالدى.

2 ـ كۈنى ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارا ماشىنىسى بىلەن 300 كىلومېتىر يولنى 48 سائەتتە بېسىپ ئاران يېتىپ كەلدى. بېنزىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاڭ شۇكاڭ ما فامىلىلىك ئاتا ـ بالا ئۆڭكۈرگە كۆمۈپ قويغان ئاپتومات بىلەن كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا ھەم ماۋزورنى تېپىپ كېلىشنى قارار قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندە، مىنشەن قورال ـ ياراغ زاۋۇتىدىن ئوغرىلانغان 13 قورالنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ كېلىندى. ماخېيچېڭ، كاڭ جۈجيۇ، مالى ئۆزلىرى ئوغرىلىقچە كېلىپ قورالنى ئۆز جايلىرىدىكى ج خ ئىدارىلىرىغا تاپشۇردى. ماچېڭشياڭ مۇز تاغ چوققىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 7000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە تىقىپ قويغان ئاپتومات 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالتۇن قازغۇچىلار تەرىپىدىن تېپىۋېلىنىپ چىمەنتاغ ساقچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 11 ـ ئايدا تيەنشۈي شەھىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ چاغقىچە بۇ دېلونى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن 1 يىل ۋاقىت كەتتى، 50 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە بېسىلدى، 500 مىڭ يۈەنچە پۇل چىقىم بولدى، شۇنداق قىلىپ بۇ دېلو مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىندى.

تۇرغۇن ئابدۇلئېزىز(ت)



دەي شيۇك، يىن فېڭ

1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېرىم كېچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ياغلىق تېغىدىكى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا ناھايىتى زور پارتلاش ئاۋازى ياڭرىدى - دە، بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى شۇئان ئاسمانپەلەككە كۆتۈرۈلدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلار چاقماق تېزلىكىدە پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇنىڭ قەستەن پارتلىتىش دېلوسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئۆي ئىگىسى چېن لاۋسەن بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شۇ كۈنى سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەچكە ئۇلار بەختكە يارىشا ئامان قالغاندى. چېن لاۋسەنگە كىم زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندۇ؟ رازۋېدكىچىلار كۆپ قېتىم ئىنچىكىلىك بىلەن رازۋېدكا قىلىپ، ئاخىرى چېن لاۋسەننىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر لۈكچەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۆز شېرىكى مۇيى بىلەن ئاداۋىتى بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. مۇيى لۈكچەكلەر گۇرۇھىنىڭ كىچىكرەك كاتتىۋېشى بولسىمۇ، ئۆزىنى «قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋېشى» دەپ ئاتىۋالغان بىر بۇزۇق ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئېقىپ يۈرۈپ نەچچە ئون قېتىم دېلو سادىر قىلغان ئىنتايىن خەتەرلىك بىر نېمە ئىدى. ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى ج خ تارماقلىرى ئۇنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغانىدى.

مۇيىنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ج خ نازارىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇردى. گۇرۇپپا ئەزالىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ كۆپ قېتىم شىنجاڭنىڭ جەنۇب - شىمالىغا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كەڭ دائىرىدە ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەچكە، مۇيىنى قولغا چۈشۈرۈش خىزمىتى قاتمال ھالەتكە كىرىپ قالدى. 1999 - يىل 7 - ئايدا، ج خ مىنىستىرلىكى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا «قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش» بىر تۇتاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزدى.

## كەڭ يېيىلغان تور

«قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش» ئېلانى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتىگە يېتىپ كەلدى. مەزكۇر ئەترەتتىكى ئايال ساقچى جىن يۇ مۇيىنىڭ دېلوسىغا دائىر بارلىق ماتېرىياللىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى چوقۇم تۇتۇشۇم كېرەك، دېگەن ئىرادىگە كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق يىپ ئۇچى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇيىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. جىن يۇ تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق، لى بىننى يالغاندىن قارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق سىياقىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى قارا جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇيىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ بىر ئاقىلانە چارە بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى.

جىن يۇ ھەرىكەت لايىھىسىنى لى بىنغا بىر نەچچە قېتىم تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، لى بىن دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلاندى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، لى بىن ئۆزىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىغا،



جانلىق تېپەككۇرىغا ۋە پىشقان ماھارىتىگە تايىنىپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا «قارا جەمئىيەت» كە سىڭىپ كىردى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، لى بىن جىن يۈگە تۇنجى يىپ ئۇچىنى يەتكۈزدى، بامالىق تېغىدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسىنىڭ قاتىلى ھەقىقەتەن مۇيى ئىكەن، ئۇ دېلو سادىر قىلىپ بولۇپ ئۈرۈمچىدىن يوشۇرۇن قېچىپ كېتىپتۇ. جىن يۈ لى بىنغا ئەگىشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئامال قىلىپ مۇيىنىڭ دېرىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلەشنى، ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشنى تاپىلىدى. دېمىسىمۇ سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، ھاياتقا خەۋپ يېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

لى بىن يېڭى كەلداخۇن بولغاچقا، قارا جەمئىيەتتىكى ئىبلەخلەر ئۇنى بىر نەچچە قېتىم چېكىپ باقتى، لى بىن مول تەجرىبىلىك، ئىنكاسى تېز، تەدبىرلىك بولغاچقا، ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى.

جىن يۈ، بىر تەرەپتىن، لى بىننىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا بىرلەشتۈرۈپ ھەرياقتىن مۇيىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئىككىيلەن بىرى ئاشكارا، بىرى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ، ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتى. 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لى بىن جىن يۈگە يەنە بىر مەلۇمات يەتكۈزدى: مۇيى يېقىندا يەنە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان، ئۇ ج خ ئورۇنلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن «بىر مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ بۇ ئىشنى بولدى قىلىش» نى خالايدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالغان. مۇيىنىڭ شۇ قەدەر خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جىن يۈنىڭ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ دەرھال لى بىنغا پۇرسەت تېپىپ، مۇيىغا يېقىنلىشىشنى تاپىلىدى. ئىككىسىنىڭ بىر ئاي جاپالىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، لى بىن مۇيىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى قاتارىدىن ئوڭۇشلۇق ئورۇن ئالدى.



## يولۋاسنى ئۇۋۇسىدىن چىقىرىش

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، لى بىن جىن يۈگە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قارامااي يولى ماينىڭ مېھمانسارىيىدا بىر توپ ئادەم ياتاق ئېلىپ نەچچە يۈزمىڭ يۈەنلىك تىكىشىپ قىمار ئويناۋاتىدۇ، سىرتتا يەنە مەخسۇس قىمار ئۈچۈن تەييارلانغان ئالىي پىكاپتىن ئۈچى بار دېگەن مۇھىم يىپ ئۇچىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنى مۇيىمۇ ئاشۇ قىمارۋازلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. سايباغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۇزدۇڭخابا ساقچىخانىسىدىكى ساقچىلار ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ بىر توپ قىمارۋازنى قولغا چۈشۈردى. لېكىن، ھىيلىگەر مۇيى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇزاققا بارماي ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. جىن يۈ دەرھال لى بىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇيىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى ئۇۋۇسىدىن چىقىرىپ، قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى.

لى بىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مۇنداق بىر مۇھىم يىپ ئۇچىنى ئىگىلىدى: ئۆتكەن قېتىم قىمارۋازلارنى تۇتقان چاغدا، بىر قىمارۋاز ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتىن بىرنى دوغا تىكىش ئۈچۈن ھەيدەپ كەلگەن، لېكىن بۇ پىكاپ ماينىڭ مېھمانسارىيىنىڭ ئىچىگە توختىتىلمىغان بولغاچقا، ساقچىلار قىمارۋازلارنى تۇتقان چاغدا ئۇنى بايقىماي قالغان. پىكاپنىڭ ئىگىسى باشقا قىمارۋازلار بىلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، مۇيى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىكاپنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكەن، مۇيىنىڭ بۇ قىلمىقى پىكاپ ئىگىسى تەرەپتىكىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. جىن يۈ بۇنى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت دەپ بىلدى - دە، لى بىننى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى تەرەپنى تالاش - تارتىشقا سېلىپ قويۇپ، ۋاسىتىچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى مۇرەسسە قىلىشقا بۇيرىدى. لى بىن جىن يۈنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلدى، پىكاپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىراپ تۇرغان مۇيى دەرۋەقە لى بىننىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ مۇرەسسە قىلىشىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، لى بىن مىڭ تەستە قارا جەمئىيەتنىڭ بۇ كاتتىۋېشى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

## كاتتىۋاشنى تورغا چۈشۈرۈش

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يېرىم كېچىدە، لى بىن ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش باھانىسىدا مۇيى ۋە قارشى تەرەپتىكىلەردىن بولۇپ تۆت كىشىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر چايخانىغا باشلاپ كىردى. لى بىن چايخانىغا كېلىش يولىدا ھاجەتخانىغا كىرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ مۇھىم ئەھۋالنى جىن يۈگە مەلۇم قىلغانىدى. جىن يۈمۇ بۇ ئىشنى دەرھال جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى بىلەن چوڭ ئەترەتتىكى رەھبەرلەرگە يەتكۈزدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى 5 - چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى دۇمن بۇ ئۆزى شەخسەن جىن يۈ قاتارلىق قابىل رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ مۇيىلار تۇرۇۋاتقان چايخانىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا، لى بىن قىلچە چاندۇرماستىن مۇيى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە چايخانىنىڭ ئايرىم خانىسىدا ئولتۇرۇپ، پىكاپنىڭ ئىشى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. رازۋېدكىچىلار ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، مۇيى قاتارلىق تۆت جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى.

سوراق قىلىش ئارقىلىق، مۇيى ئۆزىنىڭ بامالىق تېغىدا سادىر قىلغان پارتلىتىش ۋەقەسىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سادىر قىلغان نەچچە ئون قېتىم دېلونىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېتىراپ قىلدى.

گۈلبوستان نەمتۇللا (ت)

ئىلاۋە: ئۇزۇن يىل ياقا يۇرتلاردا «يىل گومپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش» نى دەستەك قىلىپ ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەل كېزەر تېۋىپ چيو فويىڭغا بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ۋە بەش مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش ھۆكۈم قىلىنغانىدى. جازانى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش مەزگىلىدە ئۇ خاتالىقىنى تونۇماي، تورپانغا كېلىپ كونا كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنداقلا «قانۇنلۇق» سالاھىيەتكە كىرىۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلدى. ۋىلايەت، شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە «تورپان گېزىتى» ئىدارىسى چيوفويىڭنىڭ ئالدامچىلىق ئىشلىرىنى پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تورپان شەھەرلىك سەھىيە سىستېمىسىنى ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورنىنىڭ سابىق مەسئۇلى ۋە «تورپان گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىدىن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ بىرىنچى سوتتا غەلىبە قىلدى، بىراق، پاكىتلارنى ئىنكار قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئالدامچى ئاخىرى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى.

# «يىل گومپىسى» تورپاندا قولغا چۈشتى



1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزىنى سىرلىق يەل گۈمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇستىسى دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سەييارە ئويۇن كۆرسىتىش تونۇشتۇرۇش خېتى» نى ئېلىپ تورپان ۋىلايىتىگە كەلدى ـــ دە، تورپان شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنى ۋاستە قىلىپ جوڭگوچە داۋالاش ۋە يەل گۈمپىسى ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنى قۇرۇپ ئىش باشلىدى.

بۇ يىل 77 ياشقا كىرىپ قالغان چيو فويى ئىسىملىك بۇ كىشى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىشۇشەھىرى خىڭشى بازىرى سەنخوجي كەنتى 8 ـ ئەترەتتىن ئىدى. ئۇ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھارماس پۇل تېپىش ئارزۇسى تېخى يوقالمىغانىدى. چيوفويى تورپانغا كېلىپلا كىشىلەرگە ھازىر دۆلىتىمىزدىكى مۇنتىزىم چوڭ دوختۇرخانىلار داۋالاپ ساقايتالمايۋاتقان كېسەللەرنى ئازراق پۇل بىلەنلا ساقايتىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلدى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئون نەچچە دۆلەتكە ۋە ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن چوڭ شەھەرلىرىگە بارغان، كۆپلىگەن داڭلىق ئەربابلار ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقان، تورپاندىكى مەلۇم ۋالى، مەلۇم شەھەر باشلىقى ۋە باج ئىدارىسىنىڭ مەلۇم باشلىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقان، دەپ تونۇشتۇردى.

كەسكىن ۋە مەردانە سۆزلەيدىغان «چيۇ ئۇستا» ۋۇيۇسكا ئېسىپ تىجارەت باشلاش بىلەن بىرگە گېزىت ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىگە داۋالاش ئېلانى بەردى.



بۇ ئېلانلاردا يەل گۈمپىسى يۇقىرى قان بېسىم، ئۆت

باللۇغى، مېڭە قان نوكچىسى، جىگەر باللۇغى، ئاشقازان باللۇغى، يۈرەك ئاجىزلىنىش، سۆڭەك ئۇسۇپ قېلىش، لىمفا كېسەللىكلىرى ۋە تۇغماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىدۇ، دېيىلگەن.

چيۇفۇيى راستىنلا شۇنداق كارامەت ئىگىسىمىدۇ؟

ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان كىشىلەر كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار، قانداقلا بولمىسۇن، بۇكەشى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ، شەھىرىمىزدىكى مەلۇم ۋالىي ۋە مەلۇم شەھەر باشلىقىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ، يەنە نېمىسى ساختا بولاتتى، دەپ «چيۇفۇيى جۇڭگوچە داۋالاش يەل گۈمپىسى ئامبۇلاتورىيىسى» گە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشكە باشلىدى. چيۇ ئۇستا «سىرلىق پەللە چېكىش» ھەرىكىتىنى ئىشلىگەندە بىماردا خۇددى پۈتۈن بەدىنىگە توك ئۆتكەندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەر توك تەپكەندەك سەكرەپ كېتىدۇ.

—ياھ، كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن!

—چيۇ ئۇستىنىڭ يەل گۈمپىسى ھەقىقەتەن قالتىسكەن!

بىمارلارنىڭ ماختىشى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «چيۇ فۇيى جۇڭگوچە داۋالاش يەل گۈمپىسى ئامبۇلاتورىيىسى» كىشىلەر بىلەن لىق تولىدىغان بولۇپ قالدى.

چيۇ فۇيى بىمارغا يەل گۈمپىسىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ياسىۋالغان ئاتالمىش «شىپالىق دورا»نى بىمارنىڭ ئىچىشىگە بېرىدۇ.

لېكىن، ئالدامچىلىق بەرىبىر ئالدامچىلىق، ئۇ ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمەيدۇ، گەرچە بەزى بىمارلار بۇ ئامبۇلاتورىيىدە بىر مەزگىل داۋالانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئېغىرلاپ كېتىدۇ.



تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدىكى لى يەنبىن بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. لى يەنبىن بوۋاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مېڭە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، خېلى كۆپ دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپمۇ ساقىيالمىغان، كېسەل ئازابىنى كۆپ تارتىپ كۆڭلى غەش يۈرگەن بۇ بوۋاي بىر كۈنى چيۇ ئۇستىنىڭ سىرلىق ماھارىتى بۇخىل كېسەلنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چيۇ ئۇستىنى ئىزدەپ بارغان. چيۇ فۇيى مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «پەقەت 800 يۈەن تاپشۇرسىڭىزلا، 40 كۈن ئىچىدە كېسىلىڭىزنى ساقايتىمەن» دېگەن. لى يەنبىن چيۇ ئۇستىنىڭ «سىرلىق پەللە چېكىش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئۇ بەرگەن بىر نەچچە بولاق نامىسىز دورا پاراشوكىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ، كۆرسەتمە بويىچە ئىچىپ بەرگەن. دورا ئىچىپ توققۇز كۈندىن كېيىن لى بوۋاي تۇيۇقسىز ماڭالماس بولۇپ قالغان. ھازىرمۇ لى يەنبىن كۆپ دېگەندە ئون مېتىردەك يەرگە ئاران ماڭالايدۇ.

مانا شۇ ۋاقىتتىلا لى يەنبىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئالدامچىغا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان.

كىشىلەر ئەسلىدىنلا ئالدىنىشنى خالىمايدۇ. 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا پاش قىلىش تېلېفونى ۋە پاش قىلىش خەتلىرى تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى ۋە باشقا ئاخبارات ئورۇنلىرىغا كېلىشكە باشلىدى.

سەھىيە سىستېمىسىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئورۇن تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمىدى، 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مەزكۇر شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى، ج خ تارماقلىرى ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەركىزى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ چيۇ فۇيى يەل گۈمپىسى ئامبۇلاتورىيىسىنى تەكشۈرۈشكە باردى. شۇنىڭ بىلەن يەل گۈمپىسى ئۇستىسى چيۇ فۇيىنىڭ «يەل گۈمپىسى ئارقىلىق بىمارنى توك تەپكۈزۈش» ئالدامچىلىقى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولدى.

ئەسلىدە بىمارلار كېسەل كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۇستەل ۋە ئورۇندۇق ئاستىغا بىر تال توك سىمى يوشۇرۇنچە ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ سىم ئامبۇلاتورىيىدىكى 220 ۋولتلۇق توك سىمىغا ئۇلاپ قويۇلغان. چيۇ فۇيى كېسەل كۆرۈۋاتقاندا بىر قولى بىلەن توك لىنىيىسىگە ئۇلانغان قالپاقلىق مىقنى بىمارغا تۇيدۇرماستىن بېسىپ، يەنە بىر قولى بىلەن بىمارنىڭ تېنىدىكى ئوخشاش بولمىغان پەللىلەرنى بېسىپ قويىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىمار ئۆزىنى خۇددى توك تەپكەندەك ھېس قىلىدۇ. چيۇ فۇيى ئون كۈننى بىر داۋالاش باسقۇچى دەپ بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەر بىر داۋالاش باسقۇچى ئۈچۈن 200 يۈەن ھەق ئالىدۇ.

چيۇ فۇيى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ سوراقلىرى ئالدىدا گاھ قېتىۋالسا، گاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي جىم تۇرىۋالدى.

—سەن يەل گۈمپىسى بىلەن كېسەلنى قانداق داۋالايسەن؟

—يەل گۈمپىسى بىلەن كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدۇ!

ئەپسۇس، «يەل گۈمپىسى بىلەن كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان بۇ كىشى «يەل گۈمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى» قۇرغان.

—سەن بىمارغا نىسبەتەن يەل گۈمپىسى ئىشلىتىۋاتقىنىڭدا يەنە نېمە ئۈچۈن توك تەپكۈزىسەن؟ بۇ قىلمىشىڭنى بىمارلارغا دېيىشنى خالامسەن؟

FAZHIZONGHENG

—بىمارنى توك تەپكۈزۈش بىر خىل روھىي داۋالاش ئۇسۇلىدۇر، بۇنى بىمارغا دېيىشكە بولمايدۇ،— چيۇفۇيى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

—سەن ئاتالمىش بەل گۆمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ قائىدىسىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

بۇ جەھەتتە ھېچقانداق ئاساسى يوق «بەل گۆمپىسى ئۇستىسى» بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

—سېنىڭ تۇرپاندا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىنغان داۋالاش ئىجازەتنامەڭ ۋە تىجارەت كىنىشكاڭ بارمۇ؟

—يوق!

—بىر نەچچە يىل ئىلگىرى جۇڭگو پەن-تېخنىكا كومىتېتى بەل گۆمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى قاتتىق تەنقىت قىلغان، سەن نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسەن؟

—. . .

چيۇفۇيى جىم تۇرىۋېلىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن قارشىلاشتى.

قائىدە بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر چيۇفۇيىنى «قانۇنسىز داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن» دەپ ئەيىبلىسە بولاتتى، لېكىن ئۇلار چيۇفۇيىنى ياشىنىپ قالدى دەپ قاراپ ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ تۇرپاندىن كەتكۈزىۋەتمەكچى بولدى.

لېكىن، چيۇ فۇيىنىڭ تۇرپاندىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ تېخى تۇرپان خەلقىدىن يېتەرلىك پۇل يىغىۋالمىغانىدى. ج خ ئىدارىسىدىن چىققاندىن كېيىن، چيۇفۇيى ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشىنى يىغىشتۇرۇش تۇگۇل، ئەكسىچە ۋۇئۇسكىنى تېخىمۇ چوڭ ئاستى.

ئەينى چاغدا تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىدىكى داۋالاش سىستېمىسىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جىن كىشىلەرگە چيۇ فۇيىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، 1999-يىل 2-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى «تۇرپان گېزىتى» دە «بىمارغا توك تەپكۈزۈش، داۋالاشنى باھانە قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىش» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى.

بۇ ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەن تۇرپاندىكى كەڭ خەلق ئاممىسى چيۇ فۇيىغا قاتتىق غەزەپلەندى، بۇ چيۇفۇيىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى.

شەرمەندە بولغىنىدىن غەزەپلەنگەن «بەل گۆمپىسى ئۇستىسى» ۋاڭ جىن ۋە «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىدىن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. تۇرپان شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن: «دەۋاگەر چيۇفۇيى داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا گەرچە قائىدىگە خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئامبۇلاتورىيىنى قانۇنلۇق ئاچقان، قانۇنلۇق كېسەل داۋالاش سالاھىيىتىگە ئىگە. جاۋابكار ۋاڭ جىن يازغان ماقالىدا سۆزلەنگەن مەسىلىلەر گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن راست بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارنى ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارمۇ قوشۇپ يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن دەۋاگەر چيۇ فۇيىنىڭ ئابرويىغا تەسىر يەتكەن... » دەپ خۇلاسە چىقاردى. «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسى ماقالىدا سۆزلەنگەن ئەھۋالنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ ئېلان قىلىپ، باشقىلارنىڭ نام-ئابرويىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن قوشۇمچە مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكار ۋاڭ جىن ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى.

بۇ ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر دېلوغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئامما بۇ ھۆكۈمگە نىسبەتەن نارازىلىق بىلدۈردى.

يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، ۋاڭ جىن بىلەن «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسى چيۇ فۇيىنىڭ ئەسلى يۇرتى خۇبېي ئۆلكىسى شىشۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى خىڭشى بازارلىق ساقچىخانىسىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسپاتنامىنى، يەنى «چيۇ فۇيىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان سىرتلاردا ، ئەل كېزىپ تېۋىپ، سالاھىيىتىگە كىرىۋېلىپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى» ۋە شىشۇ شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى ئەۋەتكەن «چيۇ فۇيىنىڭ دوختۇرلۇق جەھەتتە ئۇنۋانى يوق، ئۇنىڭغا ،بەل گۆمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش ئىجازەتنامىسى، بېرىشكە بولمايدۇ، قانۇنسىز داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئۇ ئۆزى مەسئۇل» دەپ يېزىلغان خەتنى ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ دەۋادا يەنە مەغلۇپ بولدى.

دەل شۇ مەزگىللەردە ۋاڭ جىن بىلەن «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسى تەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى يولداش ۋاڭ جىنغا چيۇ فۇيىنىڭ ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈمنى تېز يوللانما ئارقىلىق ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلاندى.

چيۇ فۇيى ھەقىقەتەنمۇ بىر ئالدامچى. ئۇ 1997-يىلدىن 1998-يىل 3-ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيىدا يەل گۆمپىخانىسى ئېچىپ، كەلگەن بىمارلارغا ئاتالمىش «توك يەل گۆمپىسى بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى» نى قوللانغان. قەشقەر شەھىرىدە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 232 بىمار ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن. ئالدانغۇچىلار كۆپ بولغانلىق-



تىن قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدا. رىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك سە. ھىيە ئىدارىسى ئارقا ـ ئارقىدىن دېلو پاش قىلىش تېلېفونىنى ئال. غان. 1998 ـ يىل 3 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چيۇ فۇيىنىڭ ئاللىمچىلىق جىنايىتى بار دەپ گۇمانلىنىپ ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان. 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى چيۇ فۇيىنى ئاللىمچىلىق جىنايىتى بار دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى، 5000 يۈەن جەرىمانە قويۇشنى قارار قىلغان. لېكىن، چيۇ فۇيى بۇ ھۆكۈمدىن نارازى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان. 1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، دەسلەپكى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە، دەپ قاراپ، ئەرزنى رەت قىلغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم ئېلان قىلىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن چيۇ فۇيى تۈرپانغا ئېقىپ كېلىپ ئاللىمچىلىق قىلمىشىنى يەنە داۋاملاشتۇرغان.

1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ چيۇ فۇيى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپى. دىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، ھازىر تۇرپان شەھىرىدىكى تەپتىش ئورگانلىرى چيۇ فۇيىنى رەسمىي قولغا ئالدى.

مۇنەۋۋەر قادىر (ت)

(بېشى 23 ـ بەتتە)

دۇكاندار شۇ چاغدىلا بىرسىنى چاقىردى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

—مېنى ئىزدىمەكچى بولغان نېمە ئىشىڭىز بارىدى؟

بۇ چاغدا قالغان ئۈچەيلەن ئۇنى قورشاپ بولغانىدى.

ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن ھېلىقى ئەر قاچ. ماقچى بولىۋىدى، ئۈچەيلەن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، ساق. چىلاردىن ئۆزىنى نېمىشقا تۇتىدىغانلىقىنى سورىدى. بۇ چاغدا لى جياڭ:

—سەن لى زەيۋېنمۇ؟ —دەپ سورىدى.

—مېنىڭ ئىسمىم لى زەيۋېن ئەمەس، ليۇ شياۋ. گۇي، —دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئادەم دەرھاللا.

—كىملىكىڭنى كۆرۈپ باقايلى.

—كىملىكىم يوقتۇپ كەتكەن، شوپۇرلۇق كىنىشكەم بار.

ئۇنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسىدىكى ئىسمى دەرۋەقە ليۇشياۋگۇي بولۇپ چىقتى، يەنە كېلىپ، سۈرىتىمۇ شۇنىڭ ئىدى. ئەجەبا، ساقچىلار خاتالىشىپ قالدىمۇ؟ ئۇلار بىر ھازا گاڭگىراپ قالدى. ئەگەر ئۇلار راستىنلا خاتالاشقان بولسا، لى زەيۋېن ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرقى ھېسابتا كۆپۈككە ئاي. لانغان بولاتتى. بىراق، كادىر ـ ساقچىلارغا شۇنىسى ئايان. كى، بۇ ئادەم لى زەيۋېن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن لى زەيۋېننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. لى جياڭ بىر نەچچە كادىر ـ ساقچىنى باشلاپ، ليۇشياۋ. گۇينىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرىۋىدى، لى زەيۋېن. نىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى بايقالدى.



ئۇنىڭغا چاپلانغىنىمۇ دەل «ليۇشياۋگۇي» نىڭ سۈرىتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، يالتىرلاپ تۇرغان كويزا لى زەيۋېننىڭ قولىغا سېلىندى.

بىر نەچچە جىنايەتچىنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، لى زەيۋېن، ۋاڭ يۇچۈەن، ۋاڭ يۈپىڭ قاتارلىقلارنىڭ 1998 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1999 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بو. لۇپ قارلشەھەر ناھىيىسىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ دېلو سادىر قىلغانلىقى، باشتا، ئۇلارنىڭ گېدروكسېل كۆكۈنىنى بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى تامدىن ئارغامچا ئارقىلىق ئارتىل. دۇرۇپ چۈشۈپ، يول بويىغا توپلىۋالغاندىن كېيىن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ماشىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بارلىق گېدروكسېل كۆكۈنىنى بالغۇنتاي ياكى تۇرپان ۋوگزالىغا يۆتكەپ بارغانلىقى، ئاندىن پويىز ئارقىلىق شىنشىگە ئې. لىپ كەتكەنلىكى، كېيىن ئىككى قېتىم ماشىنا ھەيدەپ كېلىپ، ئوغرىلىغان گېدروكسېل كۆكۈنىنى يەنە شىنشى. گە ئېلىپ بېرىپ سېتىۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يەنە تۇرپان، قارلماي قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆپ قېتىم گېدروكسېل كۆ. كۈنىنى ئوغرىلىغانلىقى مەلۇم بولدى.

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، بۇ بىر نەچچە جىنا. يەتچى شىنجاڭغا يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ سوراقتا تارتىلدى. بىر قېتىملىق قىممىتى زور نېفىت ماددىي ئەشياسىنى ئوغرىلاش دېلوسى ج خ خادىملىرىمىزنىڭ باتۇرلارچە ئىزدە. شىشى ۋە بوشاشماي كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىندى.

ئالىمجان ئازاد (ت)

# ئۆلكە ئاتلاپ «ماي چاشقىنى»نى تۇتۇش



سۇن شىلو

ئىلاۋە: بىر ئوغرىلىق شايكىسى ئۆلكە ئاتلاپ دېلو سادىر قىلىپ، قىممىتى نەچچە 100 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان نېفىت ماددى ئەشياسىنى ئوغرىلاش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى ئېچىش خىزمىتىگە غايەت زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. مۇرەككەپ دېلو ئەھۋالىغا قارىتا ئىككى ئۆلكە ئارىلىقىدىكى نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىدە جاپالىق بىر مەيدان رازۋېدكا خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

11.6 توننا گېدروكسىل كۆكۈنى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتىگىنى، شىنجاڭدا نېفىت خىزمىتى بىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان خېنەن نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى ئالاھىدە مەشغۇلات شۆبە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى مال ئېلىش تالونىنى كۆتەرگىنىچە ئىسكىلاتقا گېدروكسىل كۆكۈنى ئالغىلى كەلدى. مال ساقلىغۇچى ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۆزىگە تونۇش جايدىن گېدروكسىل كۆكۈنىنى ئېلىشقا تەمشەلدى - يۇ، ئەسلىدە ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە دۆۋىلەپ قويۇلغان بىر دۆۋە گېدروكسىل كۆكۈنىنىڭ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى. مال ساقلىغۇچى ئۇ بىر دۆۋە گېدروكسىل كۆكۈنىنىڭ قىممىتىنى بىلگەچكە، چۆچۈگىنىدىن پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى ھەمدە بۇ ئىشنى دەرھال شىركەت دىرېكتورىغا دوكلات قىلدى.

شىركەت رەھبەرلىرى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، قوللىرىدىكى ئىشنى جايىدىلا قويۇپ قويىدى - دە، مال ساقلىغۇچى بىلەن بىللە ئىسكىلاتقا كەلدى. ئۇلار ئىسكىلاتنىڭ ئىچىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئىزدىگەن بولسىمۇ، گېدروكسىل كۆكۈنىنى ھېچنەدىن تاپالمىدى ھەمدە شۇئان ئەھۋالنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قارا شەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئالاھىدە مەشغۇلات شۆبە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تاڭ جەنشىن مەلۇم قىلغان دېلونى تاپشۇرۇۋېلىپ دېلو ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. 260 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مالنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلىشى قاراشەھەر ناھىيىسىدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىدارە باشلىقى ليۇچۈەنجۇڭ، رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۈچاڭجېڭ ئۆزلىرى باش بولۇپ، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىدىكى تەجرىبىسى مول كادىر - ساقچىلاردىن مەخسۇس بىر دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى - دە، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ باردى.

ئالاھىدە مەشغۇلات شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى قاراشەھەر ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى پاسىل تامنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش سەۋەبىدىن قۇدۇق بۇرغىلاش ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلمەيۋاتقىنىغا 8 ئاي بو-



لۇپ قالغان، يەنى ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكى 8 ئايدىن بۇيان ئېچىلىپ باقمىغانىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى شۇچاغقىچە يېتەكچىلىكىدە ئىسكىلاتقا كىرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئىسكىلاتقا ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئادەم كىرىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قېلىن بىر قەۋەت توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىسكىلاتقا يەم بىلەن كىردى. نەچچە ئون مىنۇت ئىلگىرى مال ساقلىغۇچى بىلەن مال ئالغىلى كەلگەن ئىشچى قالدۇرۇپ قويغان روشەن ئاياغ ئىزلىرىدىن باشقا ئىزلارنى قېلىن توپا ـ چاڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك بېسىپ كەتكەنىدى. دىرېكتور تاڭ جەنشىن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە: «بۇ ئىسكىلاتقا بىر نەچچە خىل خىمىيۋى سانائەت ماتېرىيالى قويۇپ قويۇلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېدروكسىل كۆكۈننىڭلا باھاسى قىممەترەك بولۇپ، ھەر بىر خالتىسى 25 كىلوگىرام كېلەتتى. ھەر بىر بىر خالتىسىنىڭ باھاسى 700 يۈەندىن ئاشاتتى. شۇڭا، بىز بۇ ئىسكىلاتقا مال قويغاندا گېدروكسىل كۆكۈنلىرىنى ئالايتەن باشقا خىمىيۋى ماتېرىياللارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويغان ئىدۇق. ئۇنىڭ يەنىلا ئوغرىلاپ كېتىلىشىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەپتىمىز» دېدى.

قېلىن توپا ـ چاڭغا قارىغاندا، بۇ گېدروكسىل كۆكۈنلىرىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگىنىگە ئۈچ ـ تۆت ئاي بولغاندەك قىلاتتى. ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىدە قايرىلغان ئىز يوق بولۇپ، ئوغرىنىڭ ئىشىكتىن كىرمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى كادىر ـ ساقچىلار ماللارنى دەسسەپ تۇرۇپ دېرىزىنى تەكشۈردى ھەمدە ئارقا تەرەپتىكى تاق قاناتلىق دېرىزىنى ئاستا ئىتتىرىۋىدى، دېرىزە ئېچىلىپ كەتتى. دېرىزىنىڭ نەچچە ئون سانتىمېتىر نېرىسىدىلا يولۇچى تۇشۇش باش پونكىتىنىڭ پاسىل تېمى بار ئىدى. دېرىزە بىلەن پاسىل تامنىڭ ئېگىزلىكى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن تام بەش مېتىردىن ئېگىز بولۇپ، ئوغرىنىڭ بۇ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشىمۇ بەك مۈشكۈل ئىدى. نەق مەيداندىكى ئەھۋاللاردىن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئوغرىنىڭ 11.6 توننا گېدروكسىل كۆكۈنىنى دەل مۇشۇ بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى پاسىل تامدىن يۆتكەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. مالنىڭ ئوغرىلانغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغاچقا، بارلىق ئىزلارنى توپا ـ چاڭ كۆمۈپ تاشلىغان بولۇپ، نەق مەيداندىن بۇ دېلونى رازۋېدكا قىلىشقا ياردىمى بولغىدەك ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىدى.

رازۋېدكا نۇقتىسىنى «ئىچكى قىسىمدىكى ئوغرى» غا قارىتىش كېرەك



مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىدارىغا قايتىپ، دەرھال دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى. كۆپچىلىك بىردەك رازۋېدكا نۇقتىسىنى «ئىچكى قىسىمدىكى ئوغرى» غا قارىتىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

بىرىنچىدىن، گېدروكسىل كۆكۈنى مەخسۇس نېفىت بۇرغىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان خام ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ۋە قىممىتىنى پەقەت نېفىت ئىشچىلىرىلا بىلەتتى، سىرتتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمەلىي رولىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى، قىممىتىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئىككىنچىدىن، ئالاھىدە مەشخۇلات ئەتىرىتىنىڭ ئىسكىلاتى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قۇرۇپ قويۇلغان ئادەتتىكىچە بىر قۇرۇلۇش بولغاچقا، ئۇنىڭ خىمىيۋى ماتېرىياللار ساقلىنىدىغان ئىسكىلات ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بىر قاراشتىلا بىلەلمەيتتى، ھەتتا باش بېكەتتە ئىشلەيدىغانلارمۇ بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە زادى نېمىلەر بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئون نەچچە توننا مالنى دېرىزىدىن يۆتكەپ چىقىپ كېتىش ھەرگىز ئاسانغا توختىمايتتى، ئالاھىدە مەشخۇلات ئەترىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تونۇش بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ 11.6 توننا گېدروكسىل كۆكۈنىنى ئىچكى قىسىمدىكىلەرنىڭ ئوغرىلاش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ دېگەن خۇلاسە چىقىرىلدى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى مۇشۇ ئەقلىي يەكۈننى چۆرىدىگەن ھالدا ئالدى بىلەن ئالاھىدە مەشخۇلات ئەترىتى ۋە ئەتراپىتىكى باشقا نېفىت كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنى ئاستىرتتىن تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، رازۋېدكا خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى يۈزدىن ئارتۇق نېفىت بۇرغىلاش ئەترىتىگە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ماسلىشىپ بېرىش توغرىسىدا ئالاقە يوللاپ، بەزى يىپ ئۇچلىرىغا ئېرىشىپ قىلىش ئىستىكىدە بولدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلار ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. بىر نەچچە ئوغرى ـ يانچۇقچىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ دېلو بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ چىقتى. شۇ ئارىلىقتا، يېقىن ئەتراپتىكى بەزى ئاھالىلەر ئۇلارنى بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. يەنى، بۇ يىل 4 ـ ئايدا بىرىسى ئىسكىلاتنىڭ كەينىدىكى پاسىل تامنىڭ ئۈستىدە بىر ئارغامچىنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى. بۇنىڭدىن ئوغرىنىڭ مالنى 4 ـ ئايدا ئوغرىلىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ گېدروكسىل كۆكۈنىنى بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى



تامدىن ئارغامچا ئارقىلىق بىر خالتا ـ بىر خالتىدىن ئەپچۇشۇپ، ئاندىن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋال. غىلى بولاتتى. 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بەش ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇ ئەھۋال مەخ. سۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ دېلو يۈز بەرگەن ۋاقىتقا بولغان پەرىزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارغا بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ خېلىلا مۈشكۈل ئىكەنلىكىدىنمۇ بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.

شۇ چاغدا سىرتقا يوللانغان تەكشۈرۈشكە يار. دەملىشىش توغرىسىدىكى ئالاقىلەرگىمۇ كەينى ـ كەينىدىن جاۋاب كەلدى. شىنجاڭدىكى نېفىت ئىدا. رىلىرى نېفىت بۇرغىلاشقا ئىشلىتىدىغان گېدروك. سىل كۆكۈنى دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر قانداق ئورۇننىڭ ئۇنى جەمئىيەتتىن سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايتتى ھەم ئۇنداقمۇ قىلالمايتتى. ئۇنداقتا، ئوغرى شۇنچىۋالا كۆپ گېدروكسىل كۆكۈنىنى نەگە ساتقاندۇ؟

بىرىنچى باسقۇچلۇق رازۋېدكا خىزمىتى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توسىلىپ قالدى.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئىدارە رەھبەرلىكى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، يەنە بىر قېتىم دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى.

يىغىن جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا، ئىدارە ئىشخانىسى تۇرپان، قۇمۇل نېفىتلىكىدىن كەلگەن بىر تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالدى: ئۇلار بايىلا مەخسۇس گېدروكسىل كۆكۈنىنى ئوغرىلايدىغان تۆت ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، قاراشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارى. سىنى ئادەم ئەۋەتىپ بىللە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇ خەۋەر يىغىننىڭ كەيپىياتىنى بىردىنلا جانلاندۇرىۋەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ چاغچىلىك ئۈستەلگە بىرنى شاپىلاقلاپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا: «بۈگۈن كەچتىلا قۇمۇلغا ئات. لىنايلى!» دەپ كەسكىن قارار چىقاردى. بۇ ـ 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بىر كېچە يول ماڭغان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپلا، ھېلىقى تۆت جىنايەتچىنى سوراق قىلدى. جىنايەتچى. لەرنىڭ تاپشۇرۇشىچە، ئۇلار پەقەت تۇر. پان، قۇمۇل نېفىتلىكى رايونىدىلا دېلو سادىر قىلغان بولۇپ، قاراشەھەر ناھىيە. سىگە ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغانىكەن. بىراق، ئۇلار بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىل. گىرى قارا شەھەر ناھىيىسىدە گېدروك. سىل كۆكۈنى ئوغرىلىغانلىقىدىن ئۇز. لىرىنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى، ئۇ ئادەم. لەرنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى دىڭبىيەن ناھىيىسى بىلەن جىڭبىيەن ناھىيىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئاد. رېسلىرىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋال. لارنى دەپ بېرەلمىدى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قاراشەھەر ناھىيە. سىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىگىلىگەن ئەھ. ۋاللارغا ئاساسەن ئالدى بىلەن دىڭبىيەن ۋە جىڭبىيەن ناھىيىلىرىگە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ياردەملىشىش توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتتى. ھالبۇكى، ئارىلىقتىن يې. رىم ئاي ئۆتتۈپمۇ ئۇ ياقتىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەل. مىدى.

## سىرىق توپىلىق ئېگىزلىكتىكى جاپالىق رازۋېدكا

دېلونى ئۇزۇل ـ كېسىل پاش قىلىپ، جىنايەت. چىلەرنى بالدۇرراق قانۇنىي جازاغا تارتىش ئۈچۈن، قا. راشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شىمالىي شەنشى. گە ئادەم ئەۋەتىپ، جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇشنى قارار قىلدى. قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇنداق ئۆلكە ئاتلاپ دېلو بېجىرگەندە، يەنە كېلىپ بىر جىنايەت شايكىسىغا دۇچ كەلگەندە، ئاز دېگەندە ئىككى ئا. دەمنى ئەۋەتىش كېرەك ئىدى. بىراق، ئىقتىسادىي قى. يىنچىلىق تۈپەيلىدىن، بىرلا ئادەمنىڭ بېرىشىغا توغرا كەلدى. بىر قۇر تاللاش ئارقىلىق، بۇ مۈشكۈل ۋەزىپە زو گوجياڭنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

زو گوجياڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەك. چىسى بولۇپ، نەچچە ئون يىللىق رازۋېدكا خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ تېگى شىمالىي شەنشىلىك



بولغاچقا، ئۇ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك نامزات ھېسابلە-
ناتتى.
1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈچ كېچە ـ
كۈندۈز سەپەر قىلىش ئارقىلىق، زو گوجياڭ جىڭب-
يەن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ سەپەر ھاردۇقىنى
ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا يەرلىك ج خ ئورگانلىرى
بىلەن ئالاقە باغلىدى. يەرلىك ج خ ئورگانلىرى زو
گوجياڭ سۈرۈشتۈرۈۋاتقان دېلونىڭ يېرىم يىل ئاۋۋال
يۈز بەرگەن دېلو ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا شىمالىي شەنشىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەر
مۇرەككەپلىكىنى، يېرىم يىل ئاۋۋالقى دېلولارنى پاش
قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ ناھايىتى ئاز بولىدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى ئا-
ساسلىق سەۋەب: بۇ يەردىكىلەر يىل بويى سىرتلاردا
ئوقەت قىلىپ يۈرگەچكە، ئۆيىدە ناھايىتى ئاز تۇرات-
تى. ئۇندىن باشقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەگدىن تولد-
سى زەنجىرسىمان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولغاچقا، ئاز-
راقلا شەپە چىقىپ قالسا، بىردەمدىلا ھەممىسىنىڭ
قۇلىقىغا يېتىپ بولاتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق
گۇمانلىق ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈش تولىمۇ قىيىنغا
توختايتتى.
بىراق، زوگوجياڭغا شۇنىسى بەش قولدەك ئې-
نىقكى، ئىدارىنىڭ ئىقتىسادىي شۇنداق جىددىي
ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشى ئىدارد-
نىڭ بۇ دېلونى چوقۇم پاش قىلىش ئىرادىسىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئىدارە ۋە
شىنجاڭدىكى نېفىت كەسپىي ئورۇنلىرىغا قايىل
قىلارلىق بىرەر نەتىجىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك ئى-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ :«بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ
تولىمۇ مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكى بىزگىمۇ ئايان،
بىراق ھەر قانداق ئىش يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغ-
لىق. رەھبەرلىكنىڭ مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشى بىز-
نىڭ بۇ دېلونى پاش قىلىشقا ئىشەنچىمىز بارلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» ، دېدى.
زوگوجياڭنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، يەرلىك ج خ
ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىپادە
بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇنداق بولسا، بىز ھازىرچە
بىر يولداشنى سىزنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىڭىزگە يار-
دەملىشىشكە بېرەيلى. يەنە نېمىگە ئېھتىياجلىق
بولسىڭىز، دەرھال بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ» .
زو گوجياڭغا يارەملىشىشكە ئاجرىتىلغان يەر-
لىك ساقچىنىڭ ئىسمى جاڭ شياڭخوڭ ئىدى. ئى-
گىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇ بىر نەچچە جىنا-
يەتچىنىڭ ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر
كېلىدىغان يېزىدىكى دېھقانلار ئىكەنلىكى
ئېنىق تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، زو گوجياڭ
ۋە جاڭ شياڭخوڭ ئىككىسى نېفىتلىكنىڭ



مال سېتىۋالغۇچىسى سىياقىدا ياسىنىپ، خىمىيە
سانائەت ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش نامى بىلەن ھەر
قايسى كەنتلەرگە بېرىپ، لى زېيۈىن، ۋاڭ يۈچۈەن،
ۋاڭ يۈپىڭلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. كەنتتد-
كىلەر ئۇلارغا بۇ بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئوقەت بىلەن
دائىم سىرتتا يۈرىدىغانلىقىنى، كەنتكە ناھايىتى ئاز
قايتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىر زادى نەدە تۇرۇۋات-
قانلىقىنى بىلىشنىڭ تولىمۇ تەس ئىكەنلىكىنى
ئېيتتى. ئەھۋال تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ مۇرەككەپلد-
شىپ كەتتى، ئەگەر ئەھۋال كەنتتىكىلەر ئېيتقاند-
دەكلا بولىدىغان بولسا، دېلونى پاش قىلىشتىن ئۈمىد
كۈتكىلى بولمايتتى. زو گوجياڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ
باقمىغان بىر خىل بېسىمنى ھېس قىلدى.
بۇ چاغدا، جاڭ شياڭخوڭ ئۇنىڭغا تەسەللىي
بېرىپ:«سىز ئاۋۋال شىنجاڭغا قايتىپ تۇرۇڭ، بۇ
يەردىكى ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويۇڭ. ئىشىنىمەن-
كى، ئۇلار چاغاندا ئۆيلىرىگە قايتماي قالمايدۇ، شۇ
چاغدا ئۇلارنى چوقۇم تۇتتۇۋالالايمىز» دېدى.
زو گوجياڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى: «ئۇنداقتا
مەن بۇ يەرگە بىكار كەلگەن بولۇپ قالىمەن. بىرىند-
چىدىن، ئىدارە ئالدىدا جاۋاب قىلالمايمەن. ئىككىند-
چىدىن، مۇشۇنداق يىراق يەرگە كېلىشكە سەرىپ
قىلىنغان ۋاقىت ۋە چىقىمغا يۈز كېلەلمەيمەن» .
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەكشۈرۈشنى داۋام-
لاشتۇردى. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان
ئادەمگە دېگەندەك، قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇراي دې-
گەندە، بىرسى ئېتىزدىن ئىشلەپ قايتقان بىر ئايالنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئايالى
ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. زو گوجياڭنىڭ كۆڭ-
لى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى، ئايالىلا
بولىدىكەن، ئېرىنى تېپىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ
ھاجىتى يوق ئىدى. يەنىمۇ ئەستايىدىل ئەھۋال ئى-
گىلەش ئارقىلىق، ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئايالىنىڭ يېقىنقى
مەزگىللەردىن بۇيان كۈندۈزى كەنتكە كېلىپ يەر
تېرىۋاتقانلىقى، كەچتە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ، شۇ
يەردىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. بىرەر
سەۋەبلىك كۆرۈلۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش،
جىم ياتقان يىلاننى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، زو
گوجياڭ ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئايالىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ،
شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيىنى ۋە
ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلىۋېلىش نىيىتد-
گە كەلدى.
كەنتتىن ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر كېلەت-
تى. زو گوجياڭ ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئايالىغا ئەگىشىپ،
ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتچى ئاپ-
تۇبۇسقا چىقتى. ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندىن
كېيىن، ھەر خىل ئەگرى ـ بۈگرى يوللارنى بېسىپ

مەلۇم بىر جايغا كەلگەندە، ۋاڭ يۈچۈەنىنىڭ ئايالى ئىتتىك چامداپ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى ھەمدە ئەترابقا سەزگۈرلۈك بىلەن تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە كىرىپلا ئىشىكنى يېپىۋەتتى. قارىغاندا، بۇ ئۆيدە ھازىر پەقەت ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئايالىلا تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنداقتا، ۋاڭ يۈچۈەن يىراق يەرلەرگە كەتكەنمىدۇ ياكى مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىمىدۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدا، يېقىن ئەترابتا ساقلاپ تۇرۇپ ئەھۋال كۆزەتكەن ئەڭ تۈزۈكتەك قىلاتتى. يېرىم كېچە سائەت بىرلەردە، ئۇ ئاخىرى چالا مەس بىر كىشىنىڭ ئىغاڭلاپ مېڭىپ كەلگىنىچە ھېلىقى ئىشىكنى چەككەنلىكىنى، ئۇ كىرىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆينىڭ چىرىغىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئەجابا، ۋاڭ يۈچۈەن دېگەن ئادەم شۇمىدۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، زو گوجياڭ بىر نەچچە سائەتلا ئۇخلىۋالدى ـ دە، تاڭ يورۇماستىنلا يەنە شۇ كوچىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، زو گوجياڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۆيگە پەقەت ئەشۇ ئەركىشىنىڭلا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى پەملىدى ھەمدە ئۇنى نەق ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. ئۇ داۋاملىق ۋاڭ يۈچۈەننىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئارقىلىق، ۋاڭ يۈپىڭنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلىدى ـ دە، دەرھال ئىدارىغا تېلېفون بېرىپ، بۇ ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. دېمەك، رازۋېدكا خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالغان بولۇپ، ئىدارىدىن ئادەم كېلىپ جىنايەتچىلەرنى تۇتسىلا بولاتتى.

## جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىش

قاراشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جياڭ، جىنايى ئىشلار ساقچىسى ۋاڭ يامىڭ، خېي شېڭلىن قاتارلىق ئۈچەيلەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جىڭبېيەن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى.

نەچچە كۈن جىددىي رازۋېد قىلىش ئارقىلىق، ساقچىلار ئاخىرى پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋاڭ يۈچۈەن، ۋاڭ يۈپىڭلارنى بىر كىچىك ئاشپۇزۇلدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ج خ كادىرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. لېكىن، دېلودىكى ئاساسلىق جىنايەتچى لى زېۋېننىڭ ھېلىغىچە ئىز ـ دېرىكى بولمايۋاتاتتى. ساقچىلار ئىككى ۋاڭنى كېچىلەپ سوراق قىلدى. ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن شىنجاڭغا بېرىپ گېدروكسېل كۆكۈنى ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى ھەمدە لى زېۋېننىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر لى زېۋېننىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىقلانماي تۇرۇپ، ئىككى ۋاڭنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى تارقىلىپ كەتسە، لى زېۋېننى قولغا چۈشۈرۈش تېخىمۇ تەسكە چۈشەتتى. شۇڭا، تۇتەيلەن ئىككى جىنايەت گۇماندارىنى داۋاملىق سوراق قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇردى.

نەتىجىدە، ۋاڭ يۈچۈەننىڭ تۇرالغۇسىدىن ئۇنىڭ بىر تېلېفون نومۇر دەپتىرى تېپىلدى. ئۇنىڭدا لى زېۋېننىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى بار بولۇپ، بۇ تېلېفون نومۇرى جىڭبېيەن ناھىيىسىنىڭ بولماستىن، بەلكى سۈيدىڭ ناھىيىسىنىڭ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ساقچىلار شۇ ھامان سۈيدىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، تېلېفون نومۇرى ئارقىلىق ئادرېسىنى تاپتى، ئۇ ئەسلىدە بىر كىچىك دۇكاندىكى ئاممىۋى تېلېفوننىڭ نومۇرى ئىدى. يوشۇرۇن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، لى زېۋېننىڭ بىر ئايال بىلەن مۇشۇ دۇكانغا يانداش ئۆيدە بىللە تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. لى زېۋېننى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغاچقا، كۆپچىلىكتىن بىرەيلەن ئاشۇ نومۇر بويىچە تېلېفون بېرىدىغان، قالغانلار ئەترابقا مۆكۈنۈپ، تېلېفوندا لى زېۋېن ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ھامان ئۇنى تۇتىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، بىر ساقچى يانفون ئارقىلىق دۇكانغا تېلېفون بەردى. دۇكاننىڭ ئىگىسى تۇرۇپكىنى ئېلىپ سورىدى:

—كىمنى ئىزدەيسىز؟

—مەن لى زېۋېننى ئىزدەيتتىم.

—سىز كىم؟ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

—مەن ئۇنىڭ جىڭبېيەن ناھىيىسىدىكى بىر دوستى، ئۇنىڭدىن ئازراق خىمىيۋى ماتېرىيال ئالماقچىدىم.

(داۋامى 18 بەتتە)



# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2000 - يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

(2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ماقۇللاندى)

بىرىنچى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە تېررورچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى زور كۈچ بىلەن قوغداش لازىم.

«تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، پاسال ئالدىنى ئېلىش» فاكچىيىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرى، زورلۇق - تېررورچى ئۇنسۇرلار ۋە دىن ئەسەبىيلىرىگە نۇقتىلىق زەربە بېرىش، بولۇپمۇ زورلۇق - تېررورچىلار شايكىلىرىغا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش، مەشىق نۇقتىلىرىنى قەتئىي چەكلەش لازىم.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى مەسچىتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنىڭ دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم.

مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ تۈپتىن تۈزەشكە زور كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. تۈپتىن تۈزەشتە ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن تەربىيىلەش پائالىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنى يادرو قىلغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى قورغانلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى كادىر، ئاممىغا بولغان تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئىككىنچى، جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئامانلىقنى ساقلاش مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قاتتىق بولغا قويۇش كېرەك.

جەمئىيەت ئامانلىقى قالايمىقان رايونلار بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، نىشانلىق ھالدا مەخسۇس كۈرەش ۋە نۇقتىلىق تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

قاتىللىق، پارتلىتىش، قورال - ياراغقا چېتىشلىق ئېغىر زورلۇنلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە، شايكىلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرگە ۋە ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق كۆپ يۈز بېرىدىغان جىنايەتلەرگە، ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆتكۈزگەن يۇقىرى ئىدراكلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ۋە ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلىنىش لازىم. قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش كۈرىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنىڭغا ئائىت كۈندىلىك خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. «فالۇن گومپىسى» بىدئەتچىلەر تەشكىلاتىنىڭ تايانچ كۈچلىرى، جاھىل ئۇنسۇرلىرى ۋە باشقا بىدئەتچىلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم. شەھۋانىلىق ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى ئۈزلۈكسىز كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «شەھۋانىلىق، قىمارۋازلىق، زەھەر چېكىش» قاتارلىق ناچار ھادىسىلەرنى تازىلاش سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتلىرى جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ قارىتىملىقىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تايانچ نۇقتا ۋە نىشانىنى ئاھالىلەر رايونلىرىنىڭ مۇداپىئە ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا قارىتىپ، ج خ ئورگانلىرىنى ئاساسىي گەۋدە، ئاممىۋى مۇداپىئەلىنىش ۋە تۈزەشنى تايانچ قىلغان، «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تېزگىنلەش» بىر گەۋدە قىلىنغان مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تېز ئىنكاس قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. ئىش ئورنىدىن قالغان خىزمەتچىلەردىن ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىش لازىم. ئاساسىي قاتلاملاردىكى كۆچمە نوپۇسنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۆچمە



نوپۇسىنى كۈندىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىك قانۇن ـ نىزام تۈزۈپ چىقىپ، يىغىۋېلىپ ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇۋېتىش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئۆي ئىجارىگە بېرىش ئىشلىرى ۋە مېھمانخانا كەسپىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوغداش ۋە بىرلەشمە مۇداپىئە كۆزىتىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئامانلىق مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك.

كارخانىلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كارخانىلارغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئامانلىق مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار بار بولغانلىكى جايلاردا، يەرلىك ۋە كارخانا رەھبەرلىرى قاتناشقان بىرلىكتە بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش، بىرلىكتە بەرپا قىلىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالاپ، خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن، كارخانىنىڭ ئىچى بىلەن سىرتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلىكتە بەرپا قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئىلمىيۋى مەسىلە بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، زىددىيەتنى بىخ ھالىتىدىلا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى مۇۋاپىق ۋاقىتتا يەرلىك بىلەن كارخانا بىرلىكتە بەرپا قىلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچىدۇ ھەمدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدۇ.

تۆتىنچى، ئاساسىي قاتلاملاردا بىخەتەر رايون بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئۇل قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

شەھەرلەردە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاھالىلەر رايونى ئامانلىق ساقلاش مۇداپىئە خىزمىتى مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىۋى سورۇنلار، بولۇپمۇ ۋوگزال، سودا سارايلىرى، سودا بازارلىرى قاتارلىق «كۆزنەك» لەرنىڭ بىخەتەرلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. يېزىلاردىكى بىخەتەر رايون بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىۋى تۈزەش، ئالدىنى ئېلىش تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئامانلىقنى ساقلاش، مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت ئاساسى ئاجىز، ئامانلىق جەھەتتە مەسىلە كۆپ، قېيىنچىلىق دەرىجىسى زور رايون ۋە ئورۇنلارنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، مۇددەت بەلگىلەپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، ئاساسىي قاتلاملاردىكى بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەھەرلەردە بىخەتەر كىچىك رايونلارنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى %80، يېزىلاردا %60 كە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى بىخەتەر رايون بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بارغان بىر تۈركۈم ئورۇنلارنى تاللاپ چىقىپ، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىخەتەر رايون بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى باھالاشقا قاتناشتۇرىدۇ.

بەشىنچى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش لازىم.

«ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت قاتناشتۇرۇلىدىغان، ھەر قايسى ئورۇنلار بىرلىكتە تۇتۇپ باشقۇرىدىغان، ھەر تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولغان، پۇختا، يولغا قويۇش ئىمكانىيىتى بولغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەت ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىق مۇھىتىنى داۋاملىق تۈزەپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ياكى قانۇن ـ تۈزۈم خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنى ئەستايىدىل تاللاپ، ئوقۇشتىن قالغان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتى بىلەن ئىككىلە ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. «ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى ئىلغار ئورۇن» لارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى بىلەن سىرتتىن كېلىپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان «مىڭ مەكتەپ، مىليون كورسانت» پائا-



لىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەردە سىڭىپ كىرىشكە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى ھەقىقىي قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەييارە كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكچى، ھەر دەرىجىلىك شەھەرلەرمۇ پائال شارائىت يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆرگەزمىسىگە ئاساسەن، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆرگەزمە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى ھەمدە تەدرىجى ھالدا ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان بازا قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

ئالتىنچى، رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەپ باشقۇرۇش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى چوقۇم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ، قاتلاممۇ - قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق ئورۇنلار پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بەپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش تۈپەيلىدىن زور جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسى (ۋەقەسى) كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زور جەمئىيەت ئامانلىقى دېلوسى (ۋەقەسى) دىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي قاتتىق سۈرۈشتە قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتلىرى بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىلدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى، ئەھۋاللارنى ئومۇمىي خەۋەر قىلىش تۈزۈمى، چوڭ دېلو (ۋەقە) لەردىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تەكشۈرۈپ سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى ۋە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئورگانلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، مەھەللىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئورگانلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئورگان ئىسلاھاتى جەريانىدا، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى قىلىچە ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. «ئامانلىقنى باشقۇرۇش» ۋە قانۇن كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكوم گۇۋاھنامىسى بېرىلىدىغان كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانا مۇدىرلىرى قاتناشقان يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچىدۇ.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەشۋىقات خىزمىتىنى، نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىنى ۋە ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش فوندى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى داۋاملىق تەشكىللەپ، «ئامانلىق» ژۇرنىلىنى ياخشى نەشر قىلىش كېرەك. 1999 - 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخس، بىخەتەر كىچىك رايون بەرپا قىلىش، ئامانلىق ساقلاشتىكى ئورۇنلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ، يات ئارىدا ئېچىلىدىغان مەملىكەت بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى «قوش ئىلغار» لارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

ئەبىجان (ت)



# ياپونىيىلىك جۇڭگو مۇھاجىرى بىلەن جۇڭگولۇق بىر ئائىلىنىڭ مەخپىيىتى



يەن زۇڭگو

## ياپونلۇق جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ تونۇپ كېتىلىشى

1998-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنى لەنجۇ ساقچى تۇڭگۈنى — «110» مەلۇم قىلىش مەركىزى شەندۇڭ چىڭداۋدىن كەلگەن مەلۇم قىلىش تېلېفونىنى ئالىدۇ. مەلۇم قىلغۇچى ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغىسى ۋېڭ يۇتاۋنىڭ ھازىر لەنجۇ يۇڭدېڭ ناھىيىسى سېمونت زاۋۇتىدا ئىكەنلىكىنى، تاغىسىنىڭ يۇڭدېڭدىن تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاتاق قىزى شۈيىڭ بىلەن ئۇنىڭ لايىقى ۋۇ جياڭ تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنغانلىقىنى، جىيەنىنىڭ شەندۇڭدىن 750 مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر پۇل ئېلىپ كەلمىگەندە، يامان ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ.

ۋەتەنگە كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرىنى تۇتۇۋېلىپ، 750 مىڭ يۈەن ئۇندۇرۇۋېلىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى! لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يۇڭدېڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

ۋېڭ يۇتاۋ زادى كىم؟ ئۇ ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا يۇڭدېڭغا كېلىدۇ؟

ۋېڭ يۇتاۋ 70 ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم، ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىغىمۇ ئون يىل بولاي دەپ قالغان. بۇرۇن يۇڭدېڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاددىي ئىشچىسى ئىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن، شەرقىي شىمالدىكى خوتۇنى ياپونىيىگە بېرىپ تۇغقىنىنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئاندىن ئوغلى ۋە قىزىمۇ كەينى-كەينىدىن ياپونىيىگە كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا خوتۇنى ئۇنىڭمۇ ئولتۇراقلىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتۈشلۈك بېجىرىپ، ئۇنىمۇ ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، ۋېڭ يۇتاۋنىڭ يۇڭدېڭدا ھېچقانداق تۇغقىنى ياكى دوست-يارەنلىرى يوق ئىدى، لېكىن ئۇ ھەر يىلى يۇڭدېڭغا، يۇڭدېڭ سېمونت زاۋۇتىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئاتاق قىزى شۈيىڭنى يوقلىغىلى كېلەتتى. ۋېڭ يۇتاۋ ھەر قېتىم يۇڭدېڭ سېمونت زاۋۇتىغا كەلگەندە، شۈيىڭ بىر مەزگىل رۇخسەت ئېلىپ ئاتاق دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ، لەنجۇدا تۇراتتى. ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۈيىڭ بىلەن ئاتاق دادىسى بىللە گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرگىمۇ بارغانىكەن. دۆلىتىمىزدىكى مەشھۇر قەدىمىي جايلارنى ئاساسەن ئايلىنىپ چىقىپتۇدەكەنمىش.

شۈيىڭمۇ ئاددىي ئايال ئىشچى ئىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندا 20 ياشتىن ئەمدى ئاشقانىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىدىن 40 ياش چوڭ ۋېڭ يۇتاۋ بىلەن چىقىشىپ قالىدۇ. ۋېڭ يۇتاۋنىڭ قول-ئىلكىدە بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيىدىن ئەۋەتىلگەن پۇل ۋە نەرسىلەرنى خەجلەپ ۋە ئىشلىتىپ بولالمايتتى، شۇڭا ئۇ پۇل ۋە نەرسىلەرنى شۈيىڭغا ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇراتتى. كېيىن بۇلار توغرىسىدا گەپ-سۆز تارقالغاندا، ۋېڭ يۇتاۋ زاۋۇتتىكى بىر پېشقەدەم ئىشچىنى تونۇشتۇرغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، شۈيىڭنى ئۆزىگە ئاتاق قىز قىلىۋالغانىدى.

## ئاتاق دادا بىلەن ئاتاق قىز ئوتتۇرىسىدىكى ئونبەش يىللىق سىر

يۇڭدېڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار ئەترىتىدىكى قابىل ساقچىلارنى يىغىپ نەق مەيدانغا يېتىپ بارىدۇ.

ساقچىلار قول تىققاندىن كېيىن، ۋېڭ يۇتاۋ تۇرار جايىغا بىخەتەر قايتىپ كېلىدۇ، ئەمما ئادەمنى ئە-



جەبلەنتۈرىلغان يېرى، بۇ گۆرۈگە ئېلىنىش دېلوسىنىڭ كەينىدە غەلىتە بىر سىر بار ئىدى.

ئەسلىدە، شۆيىڭ بىلەن ۋېڭ يۈتاۋ 15 يىل بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ھەمدە بۇ مەزگىلدە شۆيىڭ يەنە باشقا ئىككى ئەر بىلەن ھېلىقىدەك ھېسسىياتتا بولغان. مانا بۇلار ئاخىرى بۇ قېتىمقى گۆرۈگە ئېلىنىش دېلوسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ۋېڭ يۈتاۋ ئۇزۇن يىل بويتاق يۈرگەچكە يۈرىكىدىكى بىئاراملىق تۈپەيلىدىن، كۆزى ئۇيقۇغا بارمايدۇ، زاۋۇتتىكى ئايال ئىشچىلارغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، شۆيىڭ بولسا زاۋۇتقا يېڭى كەلگەن بولۇپ ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ناتونۇش ئىدى. ۋېڭ يۈتاۋ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ساددا ھەم قىزىقىغاق قىزغا يېقىنلىشىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

شۆيىڭنى بەك چىرايلىق دېگىلى بولمايتتى، ئەمما بويى ئېگىز بولغاچقا، بەدىنىگە چىڭ كېلىدىغان پادىچىلار شىمىنى كىيىۋالسا ياشلىق باھارى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، بۇ ناھىيە بازىرىدا بىر تال گۈلگە ئوخشايتتى. ۋېڭ يۈتاۋ شۆيىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا لايىقىدا پايدا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك يېقىنلىشىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ياماقچىلىق ئىشلىرىغا سالىدۇ. بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن، ۋېڭ يۈتاۋ شۆيىڭنىڭ خىيالى ۋە مىجەزىنى بىلىۋالىدۇ، بۇ قىز روھلۇق كۆرۈنگىنى بىلەن كاللىسى ئاددىي، شۈكرى-قانائەت قىلالمايدىغان، ئابرۇيپەرەس، كۆز ئالدىدىكى راھەت-پاراغەتكە بېرىلىدىغانلاردىن ئىدى. ۋېڭ يۈتاۋ مۇشۇنداق قىزنى ئىزدەپ يۈرەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېيلىسىدىن خۇشال بولىدۇ. ۋېڭ يۈتاۋ ئويلىغاندەك، شۆيىڭنى سىناپ ئاندا-مۇندا قول تەككۈزۈپ باقسا، شۆيىڭ رەت قىلمايدۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئاتا بىلەن قىزدەك بۇ ئىككىيلەن ئويلىنالا چىقىشىپ قالىدۇ. باشقىلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، ۋېڭ يۈتاۋ سىرتتا شۆيىڭنى ئاتاق قىزىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە شۆيىڭ ئۇنىڭ كونا جەمئىيەتتىكىدەك تۇنلىكى كىچىك خوتۇنى بولىدۇ. ۋېڭ يۈتاۋ خوتۇنى ياپونىيىدىن ئەۋەتكەن ئولتۇراقلىشىش رەسمىيىتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ سەل ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ياپونىيىدىكى باياشات تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ھەم شۆيىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن كېچىلەرنى ئەسلەيدۇ-دە، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئىككى كۈن بولا-بولمايلا، ياپونىيىدىن يەنە تېلېفون كېلىدۇ، ۋېڭ يۈتاۋ تازا بىر ئويلىنىۋېلىپ، ئاۋۋال ياپونىيىگە باراي، كېيىن يەنە كەلگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، دېگەن يەرگە كېلىدۇ.

ۋېڭ يۈتاۋ ياپونىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، شۆيىڭ يەنە بىر قېتىملىق مۇھەببەت تۇرمۇشىنى باشلايدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي شۆيىڭ زاۋۇتتىكى ئىشچى گې فې بىلەن توي قىلىدۇ. ئەسلىدە شۆيىڭ ۋېڭ يۈتاۋ بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، گې فې بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، بىراق ئۇ ۋېڭ يۈتاۋ بىلەن ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ گې فې بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى بەك ئاستا بولغان. ۋېڭ يۈتاۋ ياپونىيىگە كەتكەندىن كېيىن، توسالغۇ يوقاپ، شۆيىڭ بىلەن گې فېينىڭ باردى-كەلدىسى كۆپىيىدۇ-دە، توي قىلىش نەتىجىسى ھالدا ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، ئەمما شۆيىڭ گې فې بىلەن توي قىلىشقا كۆڭلىدە دېگەندەك خاتىرجەم بولالمايدۇ.

گې فې زاۋۇتتا ۋېڭ يۈتاۋ بىلەن شۆيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغان، شۇڭا شۆيىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەندە ئىككىلىنىپ يۈرگەن. ۋېڭ يۈتاۋ ياپونىيىگە كەتكەندىن كېيىن، گې فې ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىش بولمايدىغۇ دەپ ئاخىرى توي قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

توي قىلىپ بىرىنچى يىلى شۆيىڭ بىلەن گې فېينىڭ تۇرمۇشى خېلى تىنچ ئۆتىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئويلىمىغان يەردىن ۋېڭ يۈتاۋ ياپونىيىدىن شۆيىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى يوقلىغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، گې فې بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولىدۇ.

شۆيىڭ ۋېڭ يۈتاۋدىن تېلېفون كەلگەنگە خۇشال بولۇپمۇ كەتمەيدۇ، شۆيىڭ گەرچە گې فې بىلەن بىر يىل بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ قىلچە كۆڭۈللۈك ھېس قىلمايدۇ، شۆيىڭ بىلەن گې فېينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھامان بىر قات پەردە بار ئىدى. ئەمما، ئۇنى ھېچقايسىسىنىڭ ئېچىۋەتكۈسى كەلمەيتتى، خالاس. ۋېڭ يۈتاۋنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا دەز كېتىدۇ.

بىر يىلدىن بۇيان كۆڭۈلسىز يۈرگەن شۆيىڭ ۋېڭ يۈتاۋنىڭ ھېسسىياتى بىلەن شادلىققا چۆمىدۇ. شۆيىڭنىڭ قارىشىچە، ۋېڭ يۈتاۋ گەرچە ياشقا چوڭ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنالايتتى، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى. شۆيىڭنىڭ ھەسرىتى مانا شۇ يەردە بولسا كېرەك!

ۋېڭ يۈتاۋ لەنجۇدىكى بىر ئاغىنىسىنى يوقلايتتىم دەپ ئاتاق قىزىنى ھەمراھ قىلىۋالىدۇ، ئۇلار لەنجۇغا كېلىپ، مېھمانخانىدىن بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئىشق بەزمىسى قىلىشىدۇ. شۆيىڭنىڭ ۋېڭ يۈتاۋ بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى گې فېينىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، شۆيىڭ چىقىپ كەتكەن كۈنى گې فې ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

## شۆيىڭ بىلەن ئۈچىنچى ئەر

شۆيىڭ بۇ قېتىم گې فېينىڭ چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كۆڭلىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا ياراتمايدىغان ئەر بىلەن ياشاش ھەققىدە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار ئاسانلا ئاجرىشىپ كېتىدۇ.

گې فې ئاجراشتى، ۋېڭ يۈتاۋ ياپونىيىگە كەتتى. ئەسلىدە، شۆيىڭ ۋېڭ يۈتاۋ بىلەن بولغان بىنورمال مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈپ، ئوبدان بىر ئەرگە ياتلىق بولغان بولسا ھېكايىمىز بەلكىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان بولاتتى.

شۆيىڭ گې فې بىلەن بىرگە ئۆتۈۋاتقان چاغدا ۋۇ جياڭ بىلەن تونۇشىدۇ، ۋۇ جياڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۆمۈرلۈك بىرگە ئۆتۈش ئۈچۈن چوقۇم مۇھەببەت ئاساسى بولۇش كېرەك ئىكەن،



شۇڭا مەندىن ھۇزۇرلىنالايدىغان، ماڭا كۆيۈنىدىغان ھەم مەن بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتىدىغان ئەر تېپىشىم كېرەك. دېگەن يەرگە كېلىدۇ. ئۇ ۋېي چياڭنى ئەشۇنداق ئەر دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ گې فېي بىلەن ئاجرىشىشتىن بۇرۇن، دائىم دېگۈدەك پۇرسەت تېپىپ، ۋېي چياڭنىڭ پوچتىخانىدىكى ياتىقىغا بېرىپ، گې فېيدىن قالغان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېلىدۇ.

ئەمدى گې فېي بىلەن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن، شۆيىڭنىڭ ۋېي چياڭ بىلەن توي قىلىش ئىشەنچىسى كۈچىيىدۇ. شۆيىڭ ۋېي چياڭنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ۋېي چياڭ شۆيىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ۋاھالەنكى، شۆيىڭ ئۆزى تېرىپ قويغان بالاغا ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم يولۇقىشىنى ئويلىمىغانىدى.

1996 - يىل 6 - ئايدا ياپونىيىدە زېرىكىپ كەتكەن ۋېڭ يۇتاۋ يۇرتىغا كېلىپ، بۇرۇنقى پەيزىنى سۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما، شۇ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ھالاكەت يولىغا مېڭىپ قالغىلى تاس قالدىغانلىقىنى ئۇ ئۆز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

بۇ قېتىم شۆيىڭ راستىنلا سەل ئەندىشە قىلىدۇ ھەم قورقىدۇ. ئۇ ۋېڭ يۇتاۋنىڭ ئۆزىگە يېپىشىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، ۋېي چياڭنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋېي چياڭ ۋېڭ يۇتاۋنىڭ كەلگەنلىكىنى شۆيىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بىلىپ بولىدۇ. ۋېڭ يۇتاۋ نەرسە - كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولمايلا، مېھمانخانىدىن چىقىپ شۆيىڭنىڭ ياتىقىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى شۆيىڭ بۇرۇنقى شۆيىڭ ئەمەس ئىدى. ئۇ، ۋېڭ يۇتاۋغا ھازىر زاۋۇتتا ئىشىم بار، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كېلىڭ، دەيدۇ. شۆيىڭ ۋېڭ يۇتاۋنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ۋېي چياڭغا تېلېفون بېرىپ، كەچتە زاۋۇتنىڭ ئىشى بىلەن لەنجۇغا بارىمەن، بۈگۈن كەچتە كەلمەك، دەيدۇ. شۆيىڭ كەچتە ۋېڭ يۇتاۋ بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ، ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزىۋەتمەكچى بولىدۇ.

ۋېي چياڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، شۆيىڭنىڭ كەچتە كەلمىگەن دېيىشىدىكى سىرنى چۈشىنىدۇ. ۋېي چياڭ شۆيىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان شۆيىڭنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۆيىڭنىڭ ياپونىيىدىكى ئاتاق دادىسى بىلەن بولغان بىر مەزگىللىك تۇرمۇشىنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۇنى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار دەپ قارايتتى. بىراق ۋېڭ يۇتاۋنىڭ يەنە شۆيىڭنى ئىزدەپ كېلىشى، بولۇپمۇ شۆيىڭنىڭ بۈگۈن كەچتە كەلمە دېگىنىدىن گۇمانلىنىدۇ ـــ دە، خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئوچۇق - ئاشكارا ھاقارەت قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ.

ۋېي چياڭ شۆيىڭدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋېڭ يۇتاۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى پىلانلايدۇ. ئۇ ۋېڭ يۇتاۋ بىلەن شۆيىڭنىڭ كارىۋاتقا چىققاندا ئاندىن قول سېلىشنى، ئۇرۇۋېلىپلا بولدى قىلماي، بۇ قېتىمدىن راسا پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋېي چياڭ فوتو ئاپپارات، توقماق ۋە ئارغامچا تەييارلايدۇ.

ئەمدى شۆيىڭغا كەلسەك، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ياتىقىغا كىرىشىگە تەقەززالىقتا كۈتۈپ تۇرغان ۋېڭ يۇتاۋ تاپ بېسىپلا كىرىپ كېلىدۇ. بىرسىنىڭ نەپسى ناقىلداۋاتقان، يەنە بىرسى بولسا بۇ سەتچىلىكنى قانداق قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانىدى. يەنىلا ۋېڭ يۇتاۋ تەجرىبىلىك بولغاچقا، شۆيىڭنى ئاللاپ يۈرۈپ كارىۋاتقا چىقىرىدۇ.

ئىككىسى راسا ھەپىلىشىۋاتقاندا، ئىشىك قاتتىق چېكىلىدۇ. چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر يىگىت ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ كېلىدۇ. ۋېي چياڭ فوتو ئاپپاراتى بىلەن ئادەم قارىغۇسىز بۇ مەنزىرىنى كەينى - كەينىدىن تارتىۋالىدۇ. شۆيىڭ ئېسىگە كېلىپ ۋېي چياڭنى كۆرىدۇ، ئۇ ۋېي چياڭنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن دەرھال يوتقانغا ئورىنىۋېلىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلايدۇ، ۋېڭ يۇتاۋ بولسا، قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ، گەپ - سۆز قىلالماي قالىدۇ.

ۋېڭ يۇتاۋ ۋېي چياڭنىڭ مەقسىتىنى تېزلا بىلىۋالىدۇ ـــ دە:

ـــ سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ ـــ دەيدۇ.

تازا غەزىپى ئۆرلىگەن ۋېي چياڭ:

ـــ ھۇ ھايۋان، بۈگۈن مەن سېنى جايلىۋەتمەيدىغان بولسام! ـــ دەيدۇ ـــ دە، ۋېڭ يۇتاۋنى توقماق بىلەن راسا ئۇرىدۇ. شۆيىڭ بۈگۈنكى بۇ سەتچىلىكنى ئۆزىدىن كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن ئۆكۈنىدۇ.

شۆيىڭ كىيىمىنى كىيىۋاتقاندا ۋېي چياڭ ۋېڭ يۇتاۋنى يەنە بىر پەس دۇمبالايدۇ، ۋېڭ يۇتاۋ يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ. شۆيىڭ كىيىمىنى كىيىپ بولغاندا ۋېي چياڭ ئۇرۇشنى توختىتىپ:

ـــ بۇ ياققا كەل، ماۋۇ ھايۋاننى باغلايلى! ـــ دەيدۇ. شۆيىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال يېنىغا كېلىدۇ، ۋېي چياڭ ئالدىن تەييارلىۋالغان ئارغامچىنى چىقىرىپ ۋېڭ يۇتاۋنى باغلايدۇ.

ـــ سەندە پۇل بار ئەمەسمىدى؟ قېنى بۈگۈن سېنىڭ قانچىلىك پۇلۇڭ بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي! ـــ ۋېڭ يۇتاۋ ۋېي چياڭنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ ـــ دە، ئۇنىڭغا پۇل بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ.

ـــ 750 مىڭ يۈەن بېرىسەن، بىر تىيىن كەم بولسا بولمايدۇ، ـــ دەيدۇ ۋېي چياڭ قاتتىق تەلەپپۇزدا.

ۋېڭ يۇتاۋ ھايات قېلىش ئۈچۈن شەنلۇڭدىكى جىيەنىگە تېلېفون بېرىدۇ.

مانا شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى گۆرۈگە ئېلىپ قاقتى - سوقتى قىلىش دېلوسى يۈز بېرىدۇ.

ۋېي چياڭ قولغا ئېلىنىدۇ، ۋېڭ يۇتاۋنى ساقچىلار قۇتقۇزۇۋېلىپ ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۆيىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە زەردىگۈش بولۇپ تەنھا قالىدۇ.

نىغمەت ئابلىمىت (ت)







# ئوغرىلىق قىلماق ئاسان، دەردىنى تارتماق يامان

«نىكاھتىن تاشقىرى مۇھەببەتلىشىش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھادىسە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇرمۇش شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە زور «ئېچىۋېتىش» پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن زىيالىي، قىز - يىگىتلەر ئىشتىياق بىلەن قوغلىشىدىغان «مودا» غا ئايلاندى. ئەمما، بىزنىڭ ئاشۇ «يىگىت» ياكى «قىز» نىڭ «ناۋاتتەك شېرىن» مۇھەببىتىدىن كۆرگىنىمىز ئادەمىيلىكنىڭ پاكلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، ھەتتا ئادەم جىسمى ۋە روھىنىڭ بەرباتلىقى بولدى. بىز مۇشۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغانلار پاجىئەسىنىڭ كىشىلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىش ئېپكېلىپلا قالماي، بەلكى بىر سەممىي تەۋسىيە بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق، ئىستىقباللىق بىر ياش ئابال كادىر نىكاھتىن تاشقىرى مۇھەببەتنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ئۆزىنى پاتقاقتىن چىقىرالمىدى. ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىستىقباللىق بولغان «ۋاپاسىز ئەركەك» نى جازالاش ئۈچۈن، ئۇ تاپانچىنى قولىغا ئالدى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەپكىنى باستى، ئاندىن يەنە تاپانچىنى ئۆزىنىڭ چېكىسىگە توغرىلىدى...

ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرىۋالغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى چېڭ گۈيلىڭ بولۇپ، جۇمادىيەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى، ئەمدىلا 37 ياشقا كىرگەنىدى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.68 مېتىر كېلەتتى، بۇ ياش جۇۋان تولىمۇ جەزىبىدار ئىدى. ئۇ ئېيتىپ تاشلىغان لىبۇ مىڭدىڭ بولسا، خېنەن ئۆلكىسىدىكى مەلۇم پۇل مۇئامىلە ئورگىنىدىكى 2 - دەرىجىلىك ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئىدى.

چېن گۈيلىڭ - بۇ ياش مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ناھايىتى راۋان كېتىۋاتاتتى. 1998 - يىلى، چېن گۈيلىڭ ئۆلكىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن جۇمادىيەن شەھىرىگە كېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ ئەنسى، ئۇ مەيلى قەيەرگىلا بارسۇن، خۇش پۇراق گۈللەر ۋە گۈلدۈراس ئالقىشقا ئولغان ئەتە بولاتتى. ۋەھالەنكى، چېن گۈيلىڭ ھېسسىيات - مۇھەببەت جەھەتتە ئەبەدىيلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بار ئىدى، ئېرىمۇ كېلىشكەن ئەركەك ئىدى. ئۇ ھەربىيلىك كەسپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، جۇڭپىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىدى. ئىككىيلەن ئون نەچچە يىللىق بەختلىك ۋاقتىنى بىللە ئۆتكۈزگەن، قىزىمۇ 14 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلارنىڭ شىددەتلىك دولقۇن ئۇرۇسىمۇ قىمىر - سىمىر قىلمايدىغان تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولدى. چېن گۈيلىڭ بۇرۇن سىرتقى جايغا ئۆگىنىشكە بارغاندا لىيۇ مىڭدىڭ بىلەن تونۇشقان، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگىنىگە 3 - 4 يىل بولۇپ قالغانىدى. لىيۇ مىڭدىڭمۇ ئالىغا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك كادىر بولۇپ، ئىستىقبالى پارلاق ئىدى. ھالبۇكى، مانا مۇشۇنداق پارلاق ئىستىقباللىق ئىككى كادىر ھېسسىياتنىڭ زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىيالمىدى، بىر - بىرىگە ئىسسىق ئۇچۇشقاندىن باشلاپ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. بۇ ئىشنى ھەر ئىككىيلەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېزىپ قالدى، ئۇلارنىڭ بەزى دوستلىرى بولسا ئوبدانلا ئۇقاتتى.

ئىككىيلەننىڭ بىنورمال ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە چېن گۈيلىڭ بەكرەك تەشەببۇسكار ئىدى، ئۇ ھەتتا نىكاھتىن ئاجرىشىش، لىيۇ مىڭدىڭ بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنىمۇ بەرگەنىدى. 1998 - يىلى 6 - ئايدا چېن گۈيلىڭ ئېرى بىلەن رەسمىي ئاجرىشتى، ئۇنىڭ مەقسىتى لىيۇ مىڭدىڭ بىلەن توي قىلىش ئىدى. لىيۇ مىڭدىڭ چېن گۈيلىڭنىڭ تەلىپىگە ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ



ئىسلىدىكى بەختىيار ئائىلىسىدىن ۋاز كەچكۈسى، ئايالى ۋە توققۇز ياشلىق ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئوغلىغا بەك ئامراق ئىدى، ئوغلىنىڭ بالىلىق قەلبىگە بەختسىزلىك كۆلەڭگۈسى چۈشۈرۈشكە ۋىجدانى چىدىمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن چېن گۈيلىڭنىڭ مۇھەببىتىگە چاك كەتتى، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەرمۇ بولدى.

بىر نۆۋەت چېن گۈيلىڭ ليۇمىڭدېڭنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ليۇمىڭدېڭنىڭ ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ليۇمىڭدېڭدىن: «سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى ئوغلىڭىزنىمۇ؟» دەپ سوراپ، ليۇمىڭدېڭنى بەكمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. چېن گۈيلىڭ ليۇمىڭدېڭنىڭ ئوغلىغا: «سىز مېنى ئانا دەپ چاقىرسىڭىز، مەن سىزگە بىر ئوبدان نەرسە بېرىمەن» دېدى، گۆدەك بالا بۇ خوتۇننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى-دە، ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى تىللىدى. چېن گۈيلىڭ دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇنى بىر تەستەك سالدى، بۇنىڭ بىلەن ليۇمىڭدېڭ چېن گۈيلىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. چېن گۈيلىڭ جىڭجۇغا كەلسىلا، ليۇمىڭدېڭ دوستلىرىغا: «جىنشى يولۋاس كەلدى!» دەپ قاقشايدىغان، بەزى دوستلىرىغا «ئۇنىڭ بىلەن سىلەرلا كۆرۈشۈپ قويساڭلار» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولدى.

ليۇمىڭدېڭنىڭ بەزى دوستلىرى چېن گۈيلىڭغا «ليۇمىڭدېڭنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىزدىن كۆڭلىمۇ سوۋۇپ قالدى، ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ نېمە قىلارسىز؟»، «سىز ھەر نېمە دېگەن بىلەن شەھەر باشلىقى، سالاھىيەت، ئورنىڭىز بار ئادەم، بۇ مەسىلىدە نېمە ئۈچۈن كەڭ قورساق بولمايسىز؟»، «گېپىنى چىرايلىقراق دېسەك، سىز ليۇمىڭدېڭنىڭ ئاشنىسى، قوپالراق دېسەك، پەقەت كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئويۇنچۇقى، خالاس، مۇنداق كېتىۋەرسەڭلار بولماس» ... دەپ نەسىھەت قىلىشتى. مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، چېن گۈيلىڭ گەپ-سۆز قىلماي، بۈتتەكلا جىم تۇراتتى.

1999-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى، چېن گۈيلىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئالەمچە زور بىر ئىشنى قىلماقچى بولدى. ئۇ ساۋاقدىشى (ساقچىخانىنىڭ باشلىقى) دىن ئارىيەت ئالغان تاپانچىنى ئېلىپ، ئۆزى يالغۇزلا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ جىڭجۇغا كەلدى. ئۇ ليۇمىڭدېڭدىن خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىشنى، ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى ئۆتۈندى، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ليۇمىڭدېڭنى ئېتىۋەتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ جۇپىڭ ناھىيىسىدىكى ئۆيىگە قايتىپ، ئۆزىنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۋالدى.

ھېچكىم بىر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان چېن گۈيلىڭنىڭ زادى قانداق بولۇپ بىر ھېسسىياتچان ئايالدىن تويۇقسىزلا ئادەم ئۆلتۈرگەن قورقۇنچلۇق جىنايەت گۇماندارىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى پەقەت ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئېيتقان ئايرىم سۆزلىرىدىنلا ئازراق بىلگىلى بولاتتى. بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ تولىمۇ ئازابلانغان ھالدا ھەدىسىگە: «مەن ليۇمىڭدېڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدىم، لېكىن ھېچقانداق جاۋابقا ئىگە بولالمىدىم. مەن ئۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمىدىم، ئۆلۈپلا تۈگىشكۈم بار...» دېگەنىدى.

شىنياڭ شەھەرلىك مەلۇم سودا شىركىتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى ليۇرېنجى قاتىل يالاپ ئۆزىنىڭ ئاشنىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ساقچىلار ئۇنى قولغا ئالدى. پۇت-قولىغا كويزا-كىشەن سېلىنغان ليۇرېنجى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ئىچىدە مۇنداق بايان قىلدى:

مەن بۇ يىل 41 ياش، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى شىنياڭ شەھىرىدىكى مەلۇم سودا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىدىم. بىر قېتىم «سەلتەنەتلىك ئاستانە» رېستورانىغا بېرىپ تاماق يەپ، ھاراق ئىچتىم. تاماق يېيىش جەريانىدا ئەمەلداتتىن 28 ياشقا كىرگەن، ھاراق ئىچىشكە ھەمراھ بولغۇچى قىز يافاڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى ساھىبجامالى ۋە ناز-كەرەشمىلىرى مېنىڭ جىسمىم ۋە روھىمنى ئەسىر قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا «سەلتەنەتلىك ئاستانە» گە بارىدىغان بولۇپ قالدىم. بىر نۆۋەت ھاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مەن يافاڭنى رېستوراندىن ئېلىپ چىقىپ، بىر مېھمانخانىغا بېرىپ ياتاق ئاچقۇزدۇم ۋە بىللە بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن پات-پاتلا «كاماندىروپكىغا چىقىش»، «نۆۋەتچىلىك قىلىش»، «خىزمەت ئالماشتۇرۇش» دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ ئايالىمنى ئالداپ، يافاڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىجارىگە ئالغان «جان ئارامگاھى» دا ئۇچرىشىپ تۇردۇم. ئەمما، يافاڭ مۇنداق ئوغرىلىقچە بولىدىغان «مەخپىي» ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە قانائەت قىلمىدى. ئۇ مەندىن ئۆزىنى قانۇنلۇق يوسۇندا ئەمرىمگە ئېلىشىمنى تەلەپ قىلدى، نامى يوللۇق خوتۇن بولۇشنى، ھەقىقىي ئائىلىۋى بەختتىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مېنىڭ 41 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، يافاڭ بارلىق تاپقان-تەرگىنى بىلەن بىر شىرەلىك زىياپەت تەييارلىدى ھەمدە تۇغۇلغان كۈن تورتى ۋە 41 تال رەڭلىك شام سېتىۋالدى، مېنى قىزغىن مۇبارەكلىدى. تاماق ئارىلىقىدا ئۇ مۇھەببەت بىلەن:









## سوتچى جازالاندى

ئۈز خەۋىرىمىز: يېقىندا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكە-
مىسى يۇڭفېڭ يېزىلىق خەلق سوتخانىسىنىڭ سابىق باشلىقى جۇ لىي دېلو
بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلماي، دەۋا-
گەرلەرنىڭ «ھىممىتى»گە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنى «سەمىرتكەن»لىكى
ئۈچۈن، قانۇن تەرىپىدىن جازالاندى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، جىنايەت گۇما-
دارى جۇ لىي ئەرگۈڭ يېزىلىق خەلق سوتخانىسىدا ياردەمچى سوتچى، بەنفاڭگۇ،
يۇڭفېڭ يېزىلىق خەلق سوتخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلىدە
123 مىڭ يۈەن پارا ئالغان، 13 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغان.

*يېقىندا قەشقەر شەھىرى قوغان*
*يېزىسىدا قوراللىق كەسپىي*
*كادىرلار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى-*
*نىڭ مانېۋىر كۆرسىتىش نەق*
*مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.*
*قوراللىق كادىرلار، خەلق ئەس-*
*كەرلىرى كۆپچىلىككە*
*مۇشتلىشىش ھەرىكىتى،*
*قالقان، كالتەك ئىشلىتىش،*
*جەڭ قىلىش، گرانات ئېتىش*
*قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھا-*
*رەتلىرىنى كۆرسىتىپ، جىد-*
*دىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش*
*ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.*

ئىمام مۇھەممەت فوتوسى



## شى دېيەنرۇڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى

ئۈز خەۋىرىمىز: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدا-
رىسى كۆپ خىل ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى،
قوشۇمچە شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىقتىساد - تەرەق-
قىيات شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شى دېيەنرۇڭنىڭ پارى-
خورلۇق، خىيانەتچىلىك، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قى-
لىش دېلوسى ھەم ما چۈەنيۈڭنىڭ ئالدامچىلىق دېلوسى ئۈس-
تىدىن ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقاردى. شى دېيەنرۇڭغا مۇددەتسىز
قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت
مەھرۇم قىلىندى. ما چۈەنيۈڭغا مۇددەتسىز 15 يىللىق قاماق
جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قى-
لىندى.

شى دېيەنرۇڭ دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىمى تۇرۇقلۇق
خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، ئاپتونوم رايوننىڭ مەب-
لەغ سېلىشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ،
بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرمەي، قارشى تەرەپنىڭ مەبلەغ ئەھۋالى
بىلەن ۋەدىگە ئەمەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئويلاشماي، بەلگىلى-
مىگە خىلاپلىق قىلىپ، تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلماي، يولىيو-
رۇق سورىماي، ئىشنى قول ئۈچىدىلا ئىشلەپ، ئېلېكتر ئې-
نېرگىيە ئىدارىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك ئىدارىسىگە 900
مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان سالغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ
باشقىلاردىن 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن پارا قوبۇل قىلغان.


















## قاراقاش ناھىيىسىدە «15 - مارت ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى» داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى

قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئۆزئارا زىچ ماسلىشىپ، بالغان، ساختا تاۋارلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 3 چوڭ سودا سارىيى، 118 ئورۇندىكى توپ ۋە پارچە سېتىش دۇكىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

بالغان، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئىدارە 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالدىدا 5000 دىن ئارتۇق ئامما قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتتە ئەرز - شىكايەت قوبۇل قىلىش ئورنى تەسىس قىلىپ ئىستېمالچىلارغا نەق مەيداندا مەسلىھەت بەردى، 2000 پارچىدىن ئارتۇق ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتتى. تەكشۈرۈشتە يىغىۋېلىنغان يېمەك - ئىچمەك، گىرىم بۇيۇملىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن بولۇپ 19 تۈردىكى 18 مىڭ 850 يۈەن قىممىتىدە ۋاقتى ئۆتكەن، ئېنىق چۈشەندۈرۈشى بولمىغان، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغان ساختا، سۈپەتسىز تاۋار ئامما ئالدىدا كۆرگەزمە قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى.

ئازادگۈل توختىمۇھەممەت

## بوزدۆڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى دىنىي زاتلارغا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى

يېقىندا، ئونسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بوزدۆڭ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ۋە ئۇنى چەكلەش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزا تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلارغا پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باقى ياقۇپ

*يېزا ئىگىلىك 3 - ئىشسىنىڭ پەيزىۋات باش مەيدانى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى 3 - ئاينى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە مەخسۇس تەشۋىقات - تەربىيە ئېيى قىلىپ بېكىتىپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا بولغان قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات - تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈردى.*



تۇرسۇنجان زۇنۇن فوتوسى











«رىبنجى، بىز بۇ قوشماقلىق ھارىقىنى ئىچتۇق، مەن ھەر بىلى مۇشۇ كۈنلە سىزنى خوتۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن قۇتلۇقلاشنى خالايمەن، بۇنىدىن كېيىنكى كىشىلىك ھايات سەپىرىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق سالاھىيىتىمىز بىلەن ھەمىشە بولۇپ، مەڭگۈ ئايرىلماسلىقنى تېخىمۇ خالايمەن» دېدى.

مەن يافاڭنىڭ سۆزىنى مەستخۇشلۇقتىكى گەپ دەپ قاراپ، ئانچە كۆڭۈل بۆلمەپتىمەن. كېيىنكى يافاڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا، ئۇنىڭ مەن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇش ئارزۇسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كۆڭلۈمدىكى گېپنى قىلسام، مەيلى گۈزەللىك، ياش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك جىنسىي تۇرمۇش لەززىتى بېرىش، ناز ـ خۇلۇق جەھەتتە بولسۇن، يافاڭ ئۆز ئايالىمغا قارىغاندا ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. يافاڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا ئۆز خوتۇنۇمدىن زادىلا كۆرمىگەن ھوزۇر ۋە لەززەتكە ئىگە بولغانىدىم. ئەمما، ئايالىمدىن يۈز ئۆرۈپ يافاڭ بىلەن توي قىلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. بۇ قانداقتۇر مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئورنىغا نالايىق ھالدا ئاشۇنداق بىر ھاراقتا ھەمراھ بولغۇچى قىزنى خوتۇنلۇققا ئالسام، كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن، دېگەننى ئويلىغانلىقىمدىن ئىدى.

ۋەھالەنكى، يافاڭ مەندەك بىر خوتۇنى بار ئەرنى «ئاق تولپارلىق شاھزادە» لىككە تاللىغان ھەمدە جان ـ جەھلى بىلەن مېنى تولۇق ئىگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم مېنى چېكىپ باققان، مەن بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، ھەتتا ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ يالۇۋۇرغان، ئەمما كۆڭلىدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر جۇزۇئىنى تەتۈر كىيدى. ماڭا: «ئەمدى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ! سىز ماڭا ئېنىق جاۋاب بېرىڭ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئايالىڭىز بىلەن ئاجرىشىسىز! بولمىسا، ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى جامائەتكە ئاشكارىلايمەن!» دەپ «ئۇلتىماتوم» تاپشۇردى.

مەن، بىر تەرەپتىن، كۆڭلۈم خالىمىسىمۇ يافاڭنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش، رىئاللىق بولۇش ھەققىدە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم. ئەمما، يافاڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى، ھەقىقىي يوسۇندا خوتۇنلۇققا ئالمىساڭ بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى، «ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇش قىمار مەيدانى بولسا، مەن مۇھەببىتىم ۋە بەختىمنى سىز بىلەن توي قىلىشقا دو تىككەن. بىز يا ئەر ـ خوتۇن بولىمىز، يا دۈشمەن ـ رەقىب بولىمىز، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەگە ئورۇن يوق. ئەگەر ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشمىسا، مەن سىز بىلەن بىللە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشقا، يانى ئالەمدە قوشماق بولالمىساقمۇ، باقى ئالەمدە بىر جۈپ بولۇشقا رازىمەن!» دېدى.



نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنىڭ ئازابلىرى مېنى قاتتىق ئىسكەنجىسىدە سىقىشقا باشلىدى. خىزمەتتىكى ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق ئىدى، رەھبەرلىك مېنى باش دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن بۇ خۇشخەۋەرنى يافاڭغا يەتكۈزگەندە، ئۇ مېنى نىكاھتىن ئاجرىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە قىستىدى.

مەن ئايالىمنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئاجرىشىش ھەققىدە گەپ قىلىپمۇ باقتىم. ئايالىم قەتئىي قارشى تۇردى، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. مەن ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغانىدىم. زادىلا ئامال يوقلۇقىنى بىلگىنىمدە، ئۆلۈپلا بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدىم، ئەمما ئىستىقبال يولۇمنىڭ راۋانلىقى، كىشىلىك ھايات، كەسپ جەھەتتىكى ئۇتۇق، رەڭدار دۇنيا، ئەيش ـ ئىشرەت، بولۇپمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان، جان تومۇرۇم دەپ بىلىدىغان ئوغلۇم... قاتارلىقلارغا كۆزۈم قىيمايتتى. باشاش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھازىرقى ھوزۇر ـ ھالاۋەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن، كۆڭلۈمدە قاتىللىق قىلىش خىيالى پەيدا بولدى.

خېلى ۋاقىت ئىزدەپ سىرتتىن كەلگەن بىر كەسپىي قاتىلنى تاپتىم. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، 30مىڭ يۈەنگە يافاڭنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشنى كېلىشتىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يافاڭ ئۆلتۈرۈلدى، باش دىرېكتورلۇق ئورنىغا ئولتۇرۇپ، تېخى كاسامغا ئىسسىق ئۆتمەي تۇرۇپلا، مېنىڭ پۇت ـ قولۇمغىمۇ كويزا ـ كىشەن سېلىندى...

ئىزوف مەسەللىرىدە: «بەزىلەر بەكمۇ ئاچكۆز بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىمەن دەپ، ئەسلىدە بارلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. لىيۇرېنجى بىلەن يافاڭنىڭ قىلغانلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق ئىش. ئۇلار ئىنتىلگەن مۇھەببەت، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مەنپەئەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، قەيەرگىدۇر غايىب بولغان، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تەمەت، ئالداش، قەستاش ۋە دۈشمەنلىك ئىگىلىگەن، ئۇلار زادىلا كېلىشەلمەيدىغان رەقىبلەرگە ئايلانغان. يافاڭنىڭ ئۆلۈمى چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھەمدە ماددىي ئاچكۆزلۈك ئىسكەنجىسىدە قالغان روھىي دۇنيانىڭ چوڭقۇرىدا پەقەت چۈشكۈنلۈك ۋە جىنايەت ئۇرۇقلىرى بىخلىنىدۇ، دېگەننى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مانا بۇ مۇشۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىدەك كۆرۈپ ئىش قىلغانلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى نابۇت قىلغانلىقىدىكى سەۋەب.

توساتتىنلا پەيدا بولغان ئوت ئاپىتى پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن نوچىلىق قىلىش دېلو-

سىنى سۈرەپ چىقتى. ئەر شەھەرلىك قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئايال بولسا پۈتۈن شەھەردە ئوبدانلا داڭقى بار مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنى ئىدى، ئوت قويغۇچى بولسا ئايال خوجايىنىنىڭ ئېرى ئىدى.

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۈن يېرىمىدا سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي تۈزلەڭلىكىدىكى دىچېڭ شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنىڭ بىر قەدىمىي كوچىسىدىن تۇيۇقسىزلا پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئاسمانپەلەك ئوت كۆتۈرۈلدى. ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، كۆيگەن ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن كىشىلەر كارىۋاتتا ياتقان قىپيالىڭاچ ھالدىكى، كۆيۈپ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىككى جەسەتنى كۆردى. ج خ خادىملىرى نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلگۈچىلەرنىڭ بىرىنىڭ شەھەرلىك قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يوڭشۈن، ئايالنىڭ بولسا «گاڭجۇ» مېھمانسارىيىنىڭ خوجايىنى ليۇلى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. بۇلار ئىككى سائەت ئىلگىرى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئاندىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ئادەم قانداقچە بىر كارىۋاتتا بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

38 ياشقا كىرگەن ۋاڭ يوڭشۈن ئوچۇق چىراي ئەركەك ئىدى. ئۇ ئارمىيىگە قاتناشقان، كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن دىچېڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا ئورۇنلىشىپ، ياش تۇرۇپلا قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. ليۇلى بۇ يىل 36 ياشتا بولۇپ، پاكارراق، ئانچە چىرايلىقمۇ ئەمەس، ئېرى بار چوكان ئىدى. ئەسلىدە بىر كارخانىدا ئىشلەيتتى، ئۇ كارخانىنىڭ چالا ئۆلۈك ھالىتىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزى بىر ئىش تەۋرىتىشنى ئويلاپلا يۈرەتتى. ليۇلى قابىلىيەتلىك ھەم تەدبىرلىك ئىدى. ئۇنىڭ «گاڭجۇ» مېھمانسارىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىغانىدى.

ۋاڭ يوڭشۈن ھەر قېتىم بۇ مېھمانسارايغا تاماق يېگىلى كەلگەندە، ليۇلى قىزغىن قارشى ئالاتتى، تاماق - قورۇمىلارنى ئالاھىدە ياخشى قىلىپ بېرەتتى، ھاراققا تەكلىپ قىلىپ، بىر نەچچە ئېغىز ماختاپ - ئۇچۇرۇپ قويۇپ، قاش - كۆزلىرىنى ئويۇنتىپ، چاقچاق قىلاتتى. ئاخىر ۋاڭ يوڭشۈننىڭ كۆڭلىدە ليۇلىغا نىسبەتەن ئوچۇق چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان خىيال پەيدا بولدى. چىراي جەھەتتە، ليۇلى ۋاڭ يوڭشۈننىڭ خوتۇنىغا يەتمەيتتى، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىمۇ ۋاڭ يوڭشۈننىڭ خوتۇنىنىڭكىدەك سىلىق - سىپايە ئەمەس ئىدى، ئەمما ۋاڭ يوڭشۈنگە ليۇلىدا بىر خىل ناز - كەرەشمە، جەزبە باردەك تۇيۇلدى، ئۇ ئەركەكلەرنى جەلب قىلاتتى.

1995 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر ئاخشىمى ۋاڭ يوڭشۈن يەنە «گاڭجۇ» مېھمانسارىيىغا كەلدى. ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ليۇلى قىزغىن كۈتۈۋالدى، تاماق ئارىلىقىدا، ليۇلى خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن مېھمانلارغا ھاراق، قورۇما بۇيرۇتتى ھەمدە ۋاڭ يوڭشۈنغا: «ۋاڭ باشلىق، بۈگۈنكى تاماق - قورۇمىلاردىن رازى بولدىڭىزمۇ؟ ھەر قانداق تەلەپ بولسا ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىڭ، سىز بىزنىڭ قەدىناس مېھمىنىمىز بولۇپ قالدىڭىز» دېدى. ۋاڭ يوڭشۈن كەيپىلىكتە ليۇلىغا چاقچاق قىلىپ: «تاماق - قورۇما ھەر قانچە ياخشى بولغان بىلەن يەنىلا خوجايىنغا يەتمەيدۇ» دېدى. ليۇلى تولىمۇ زېرەك ئىدى، ئۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، دەرھاللا قەدەھنى قولىغا ئالدى - دە: «ۋاڭ باشلىق، سىزنىڭ دائىم كېلىپ ماڭا غەمخورلۇق قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، سىزگە بىر رومكا ھاراق تۇتاي!» دېدى. «رەھمىتىڭىزنى بىر رومكا ھاراق بىلەنلا بىلدۈرەمسىز؟» دېدى ۋاڭ يوڭشۈن مەنىلىك قىلىپ. «باشلىق، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇنىڭغا تەييار! — دېدى ليۇلى ۋە ۋاڭ يوڭشۈننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، - تاماقتىن كېيىن سىزنى ساقلايمەن». ۋاڭ يوڭشۈن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى، كۆڭلى خۇشاللىقتا چۆمدى. كونىلارنىڭ «گۈل گۈلى بىلەن، ئۈز خىلى بىلەن» دېگەن سۆزى بار. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ھوقۇقى، پۇلى بار، يەنە بىرىنىڭ ناز - خۇلقى بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلى «ئېلىشمىغىچە تېپىشماس» دېگەندەكلا بىر يەردىن چىقىپ قالدى. شۇ ئاخشىمى ۋاڭ يوڭشۈن ئۆيىگە، ۋەزىپە چىقىپ قالدى، بۈگۈن قايتالمايمەن، دەپ تېلېفون بەردى - دە، «خان تاجى» ماركىلىق ماشىنىسىغا ليۇلىنى ئولتۇرغۇزۇپ بىر كاتتا مېھمانخانىغا كەلدى ۋە بىر ياتاق ئالدى. بۇ كېچە ئۇ ئىككىيلەن ئۆيلىرىگە قايتمىدى.

بىرىنچى قېتىملىق تاماشادىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالماي قالدى. ئۇلار شەھەردىلا ئۇچرىشىپ يۈرۈشتىن تازا قانائەتلەنمەي، ماشىنا بىلەن باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ تاماشا قىلدى، بىللە ئويناپ، بىللە ئۇخلىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ يوڭشۈن دائىملا مېھمانلىرىنى «گۇاڭجۇ» غا باشلاپ كېلىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىپ يۈردى. قەيەردىندۇر كېلىپ قالغان پۇللارنى خەجلەپ ليۇلىغا ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەردىن ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. ليۇلىمۇ بەك خۇشال ئىدى، ۋاڭ يوڭشۈندەك يۆلەنچۈكى بولغاچقا سودىسى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئۇ ئۆزىمۇ ۋاڭ يوڭشۈندىن كۆپ مەنپەئەت كۆردى. ۋاڭ يوڭشۈن قولايلىق بولۇش ۋە باشقىلارنىڭ كۆز، قۇلىقىنى يېپىش ئۈچۈن قەدىمىي كوچىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدى، بۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ مەخپىي ئۇچرىشىدىغان ماكانى بولدى.

خۇددى چوغنى قەغەزدە ساقلىغىلى بولمىغاندەك، گەرچە ۋاڭ يوڭشۈن ۋە ليۇلى ئىشنى تولىمۇ پەم بىلەن يوشۇرۇن قىلىمىز دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى ليۇلىنىڭ ئېرى لى ۋېي بىلىپ قالدى.



1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ بىر كۈنى ليۇلى ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىگە ئېرى بىر تەستەك سالدى - دە: «ئەسلىدە مەن سېنى سودا ئىشلە-

رى بىلەن ئالىمراش دېسەم، سەن مەنىدىن يوشۇرۇن ھالدا نا-
شايان ئىش قىلىپ يۈرۈپسەن» دېدى ۋە ئۇنى ئۇرۇپلا كەتتى،
ليۇلى غىڭ - پىڭ قىلالمىدى. لى ۋېي ئۇرۇشتىن توختى-
غاندىن كېيىن: «بوپتۇ، بۇ ئىشنى ئۇقۇۋپسەن، بىز ئاجرى-
شايلى» دېدى. «ئاجرىشايلى! — دېدى لى ۋېي ھاسىراپ -
ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — خام - خىيال قىلما، مەن ئاجراشمايمەن،
سىلەردەك ئىت كۆچۈكلىرىنىڭ ئارلىخۇدا ئوينىشىغا يول
قويمايمەن»، «ئويدان بىلىپ قوي، ۋاڭ يوڭشۇن نېمە ئىش
قىلىدىغان ئادەم؟ كاللاڭنى ئىشلەت، بىز ئاجرىشايلى.
ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، مەن ساڭا 100 مىڭ يۈەن
بېرەي» دېدى ليۇلى. لى ۋېي «مەن ئاجراشمايمەن» دېدى.
ئەتىسى ۋاڭ يوڭشۇن ليۇلى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ بە-
دەنىدىكى يارىلارنى كۆردى. ليۇلى ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ يوڭشۇن باشقىلار ئارقىلىق
لى ۋېيگە ئۆزۈڭنى بىلىپ ئىش قىل، ئەگەر يەنە ليۇلىنى
ئۇرىدىغان بولساڭ، كاللاڭدىن ھېزىر ئەيلە، دەپ گەپ ئەۋە-
تىپ بەردى. لى ۋېينىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، ئەمما ئۇ رەقىب-
نىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەزىمەت دېگەننىڭ بۇرنى-
نىڭ ئۇچىدىلا كۆرسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېيىن-
چە ئەدىبىنى بېرەي، دېدى. لى ۋېي ئۇلارنى بوقىنىش قارارىغا
كەلدى. ئۇ كىچىك ماشىنا ھەيدەيدىغانلىقىدەك پايدىلىق
شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ليۇلىنىڭ ئىزىغا چۈشتى ھەمدە
ئۇنىڭ ۋاڭ يوڭشۇن بىلەن ئۇچرىشىدىغان «ماكانى» نىمۇ
تاپتى. گۇمان - شۈبھە قالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە
ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ پىلانى شەكىللەن-
دى.

1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە «گۇاڭجۇ»
مېھمانسارىيىنىڭ يېنىدا ليۇلىنى كۈتۈپ تۇرغان لى ۋېي
ئاخىر رېستوراندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ليۇلىنىڭ قەدىمىنى. كو-
چىدىكى «ماكانى» غا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئە-
گەشتى، ليۇلى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ
سىرتقا چىقىپ ۋاڭ يوڭشۇننىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئارى-
لىقتىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ يوڭشۇن «خان تاجى» بىلەن يېتىپ
كەلدى ۋە كۆرەڭلىگەن ھالدا «ماكان» غا كىرىپ كەتتى. لى
ۋېي كۆڭلىدە: «بىر پەس مەززە قىلىۋېلىڭلار، ئاندىن سى-
لەرنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قوياي» دېدى، ئەتىگەن سائەت
2 دىن ئاشقاندا، لى ۋېي بىر قولىغا چېلەك، بىر قولىغا پې-
چاق ئالغان ھالدا ۋاڭ ۋە ليۇ تۇرۇشلۇق قورۇغا قاراپ ماڭدى.
ئۇ پىچاقنى ئىشلىتىپ، ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتى. ئۇ
سىرتتىكى چىراغلارنىڭ يورۇقىدا ۋاڭ ۋە ليۇنىڭ كارىۋاتتا
قىپيالىڭاچ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. لى ۋېي كارىۋات يې-
نىغا كەلدى، پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋاڭ يوڭشۇننىڭ
كۆكرىكىگە غەزەپ بىلەن تىقتى. پىچاق دەل يۈرەككە سان-
جىلغانىدى، ۋاڭ يوڭشۇن غىڭ - پىڭ قىلالمايلا جان ئۈزدى.



ليۇلى ئويغىنىپ قالدى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا
ۋارقىرىۋەتتى. لى ۋېي ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتىۋال-
دى - دە: «ھۇ جالاپ، مانا ئەمدى ۋارقىرا!» دېدى.
ليۇلى جان تىكىپ تىرمىشىپ كارىۋاتتىن پەسكە چۈشتى. لى ۋېي
ئۇنى سۆرەپ ئىشىك تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. «مېنى ئۆلتۈرمەڭ،
ئەر - خوتۇنلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىڭ» دېدى ليۇلى. لى ۋېي ئۇ-
نىڭ قورسىقىغا پىچاق تىقتى، ليۇلىنىڭ قورسىقىدىن ئۇقتەك قان
ئېتىلىپ چىقتى. لى ۋېي: «ئاشنا ئوينىغىنىڭغا، ئەرگە تويمى-
غىنىڭغا توي!» دېدى - دە، ئارقا - ئارقىدىن ليۇلىنىڭ كۆكرەك،
بېقىن قاتارلىق يەتتە يېرىگە پىچاق تىقتى. ئاندىن چېلەكتىكى
بېنزىننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چاچتى، ئۆيدىكى گاز تۇڭىنىڭ
ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. يانچۇقىدىن چاقماقنى چىقىرىپ ئوت ياقتى،
ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى...

ئون يىل بۇرۇن، ئۇ ئۆزى سەپىي ئۆزىلەن بولغان «3 - شەخس»
ئىدى، نومۇسسىزلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئېرىنى تارتىۋالغانىدى؛
ئون يىلدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىنى تارتىۋالماقچى بولغان
«3 - شەخس» نىڭ ئالدىدا غەزىپىگە پايلىماي قاتىللىق پېچىقىنى
كۆتۈردى ...

ئۇنىڭ ئىسمى جى ياۋېن 1986 - يىلى سىئەنلۇڭ تېببىي ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ سېستىرالىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ئارزۇسىغا يې-
تى - ئۇز يۇرتى بولغان جىنەن شەھىرىدىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىغا
خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇ ئەستايىدىل، ئىشچان بولغاچقا، دوخ-
تۇرخانا رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىگە چۈشتى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي
سېستىرالار باشلىقى بولدى.

ئەمما، ھەر كۈنى كېچىدە، دىمىقى ئۈستىن جى ياۋېن باس-
تۇقىنى مىجىقلاپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى: ئىككى يىل بولدى،
ئارقامغا سايىدەك كىرىۋالغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما تاسقاپ -
شاللاپ يۈرۈپ، مىڭ تەستە «باھانى تۈزۈملىتىپ»، ئۆلچەمنى چۈ-
شۈرۈپ دېگەنمەك، بىر ئادىي خىزمەتچى بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە
مۇۋەپپەق بولدۇم، كۆڭلۈم بەكلا بېرىم.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي «ئاق تولپارلىق شاھزادە»
ئاخىر ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ نەۋ باھاردىكى
مارتنىڭ بىر كۈنى ئىدى، بالنىستىننىڭ كارىدورىدا جى ياۋېن
قامەتلىك بىر ئەركەكنىڭ چوڭ - كىچىك سومكىلارنى
كۆتۈرۈپ، ئەپسىز بىر ھالەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى -
دە، دەرھاللا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قىزغىنلىق بىلەن: «ئە-
پەندىم، مەن ياردەملىشەي» دېدى. ئەركەك بۇرۇلۇپ ئارقىغا
قارىدى، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان قىزغا چۈشتى. جى يا-
ۋېننىڭ كۆڭلى غەلىتە بولدى - دە: «ئىسمىم جى ياۋېن،
سېستىرالار باشلىقىمەن، قانداق ئىشىڭىز بولسا مېنى
ئىزدەڭ»، دېدى ۋە قايتاشىدا ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نو-
مۇرىنى قالدۇردى.

3 - كۈنى جى ياۋېننىڭ كۆڭلىدىكى «ئاق تولپارلىق
شاھزادە» ئەس - ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغان جى ياۋېنگە
ئىسمىنىڭ جاۋخېي ئىكەنلىكىنى، «ئاق ئەتىرگۈل» رېس-
تورانىدا باش دىرېكتور بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، دوخ-
تۇرخانىغا تۇغۇتلۇق ئايالىنى يوقلاپ بارغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار
ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز نىكاھى توغرىسىدا
سۆزلەشتى، كېچىكىپ تونۇشقانلىقىدىن جىمىق ئۆكۈنۈشتى.
جاۋخېينىڭ خوتۇنى دوختۇرخانىدىن چىقماستىلا ئاشىق - مەشۇق-

لاردەك تەپتارتماي يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

ئائىلىدە جاۋخەي خوتۇنىغا ھومىيىلەنغان، دېمەكنى قىرىپ تۈك تېگىلمىغان، كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە قايتمايدىغان بولىۋالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋخېينىڭ ئائىلى ئۇنىڭ سىرتتا ئاشنا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ قالدى. ئەمما، بالىسىنىڭ بەك كىچىكلىكىنى ئويلاپ سۈكۈت قىلىشنى تاللىدى.

«مۇنداق قويال چارىلىرىڭىز بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشالمايسىز» دېدى جى ياۋبىن جاۋخېيگە ۋە ئىككى «ئېچىل چارە» نى ئۆگىنىپ قويدى.

جى ياۋبىننىڭ كۆڭۈل قويۇپ تۈزگەن پىلان ۋە قوماندانلىقى بىلەن، جاۋخەي ئاخىر «قورشاۋ» دىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلۇپ چىقتى ھەمدە لى ياۋبىنغا ئۆيلىنىپ مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى.

1992 - يىلى جاۋخەي ئەر - خوتۇن ئىگىلىك تىكلەش مەقسىتىدە جۇخەيگە كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن قۇرۇق قولدا ئىگىلىك تىكلەپ، بىر كىچىك شىركەت قۇردى. جاۋخەي باش دىرېكتور، جى ياۋبىن باش لىدېر، قوشۇمچە قانۇنىي ۋەكىل بولدى. جاۋخەي زېرەك بولۇپ، تىجارەت تاكتىكىسىغا باي ئىدى، جى ياۋبىن قابىلىيەتلىك، ئىشچان ئىدى. 1996 - يىلى ئۇلارنىڭ شىركىتى جۇخەيدە ھەممە بىلىدىغان كارخانىغا ئايلاندى.

مانا مۇشۇ چاغدا، گۇاڭجۇ تاشقى سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ياڭ جىنجىن بۇ شىركەتكە كېلىپ، نۇرغۇن خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى «ئامەتلىك كىشى» گە ئايلاندى. 24 ياشلىق ياڭ جىنجىن يۈننەننىڭ دالى دېگەن يېرىدىن بولۇپ، مۇلايىم، چىرايلىق، ئوبدان مىجەزلىك قىز ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان جى ياۋبىن ياڭ جىنجىنگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، ئوقتىلىق تەربىيىلىدى. كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياڭ جىنجىن ناھايىتى تېزلا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈپ، شىركەتنىڭ كەسپىي تايانچىسىغا ئايلاندى.

شىركەتتە ئىشلەش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، ياڭ جىنجىن شىركەتتە ھەقىقىي ھالدا چوڭ ھوقۇقنى تۇتىدىغان، تەدبىر بەلگىلەيدىغان خوجايىننىڭ جاۋخەي ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ باش دىرېكتورغا «سادالەتمەنلىك» بىلدۈرۈش نىيىتىگە كەلدى.

كەسپىي پائالىيەتلەردە، ياڭ جىنجىن ئېنگلىز تىلىغا راۋانلىقى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن تولىمۇ مۇشكۈل سۆھبەتلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ھەل قىلىۋېتەتتى. جاۋخەي ئۇنىڭغا باشقىچە كۆزدە قارىدى ۋە ئاغزى بېسىلماي ماختىدى. ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزى بىلەن بىللە ۋېيخەيگە كامانىروپكىغا ئېلىپ باردى. شۇ كۈنى كەچتە، كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە ماھىر ھەمدە كۆڭلىگە غەيرىي نىيەت پۈككەن ياڭ جىنجىن جاۋخەي بىلەن بىر كارىۋاتتا ئۇخلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياڭ جىنجىن باش دىرېكتور ئىشخانىسىغا پات - پاتلا كىرىدىغان بولدى. بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېزلا يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى ۋە بۇ ئىشنى شىركەتتىكى ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى.

جى ياۋبىننىڭ كۆڭلىدە غەزەپ ۋە پۇشايمان دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يولۋاس بالىسى چوڭ بولسا ئادەم يەيدۇ، ئۆز ۋاقتىدا بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن ئەيىب ئۆزۈمدە، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ باشقىلارنى جاۋ، ياڭلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كۆز - قۇلاق بولۇشقا بۇيرىدى، ئەمما بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە ھاسىل بولمىدى. بىر كۈنى، بىر ئالدىراش كەسپىي ئىش بىلەن جاۋخەي كامانىروپكىغا چىقىپ كەتتى. بۇ جى ياۋبىن ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى، ئۇ جاۋخېينىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ھەممە يەرنى چالا قويماي ئاقتۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ شىرە تارتمىسىدىن بىر ئېسىل خاتىرىنى تاپتى. بۇ خاتىرىگە جاۋخېينىڭ ياڭ جىنجىن بىلەن بىللە قىلغان - ئەتكەنلىرى ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. جى ياۋبىننىڭ ئاچچىقتا ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى.

1998 - يىل چاغاندا جى ياۋبىن جاۋخەي بىلەن سەمىمىي «سۆھبەت» ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەسلىدە، ئېرىم بالىغا ۋە كەسپىي جەھەتتە مېنىڭ ياردىمىمگە مۇھتاج، ئايرىلىش زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، جاۋخەي ئاجرىشىشقا ھە دېگەندىلا ماقۇل بولدى ھەمدە جى ياۋبىنغا 5 مىليون يۈەن نەق پۇل، 10 جايدىكى ئۆي ۋە تۆت ماشىنا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جى ياۋبىن بۇ خورلۇققا زادىلا چىدىيالمىدى. «ياڭ جىنجىن دېگەن بۇ ئالۋاستى جاۋخېينىڭ كۆز ئالدىدىن يوقالسا، بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتالارمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ يېقىنىنى لىگبونى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «بولدى، ياڭ جىنجىننى بۇ ئالەمدىن يوقىتىۋەت!» دېدى.

1998 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جاۋخەي كامانىروپكىغا چىقىپ كەتكەندى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، جى ياۋبىن ياڭ جىنجىننى چاقىرتتى. ياڭ جىنجىن باش دىرېكتور ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇ باش دىرېكتور يوق چاغلاردا ياۋاشراق بولۇش لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

«ياڭ جىنجىن، سېنىڭ مەھشەر كۈنۈڭ يېتىپ كەلدى. سەن بۈگۈندىن كېيىن باش دىرېكتورنىڭ خانىمى بولۇشنىڭ شېرىن خىيالىنى جەھەننەمدە داۋاملاشتۇرارسەن! مەن ھازىر مۇشۇ پانىي ئالەمدىكى «3 - شەخس» لەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ۋاكالىتەن، «3 - شەخس» بولغان سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن!» دېدى جى ياۋبىن. ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەيلا، لىگبو قولىدىكى بولقا بىلەن ياڭ جىنجىننى بىر نەچچە رەت ئۇردى...

باشقىلارنى قەستلىگەنلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى قەستلەيدۇ. ياڭ جىنجىن ئۆلدى، جى ياۋبىنمۇ قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما، بۇ دېلونىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغان ساۋىقى ناھايىتى چوڭقۇر. مۇھەببەت شەخسىيەتچىل نەرسە، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ئەخلاقسىزلىق، كىممۇ ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى ئايالىنىڭ سىرتتا ئاشنىدارچىلىق قىلىپ يۈرۈشىگە چىداپ تۇرالىسۇن؟ شۇڭا سىز بەختسىزلىك تۈپەيلى «3 - شەخس» كە ئايلىنىپ قالغاندا، جەزمەن يەنە بىر «ئەر» ياكى «ئايال» نىڭمۇ بارلىقىنى ئوبدان ئويلاڭ.

ماخمۇتجان ئىسلام (ت)



37

# ياشانغان ئەر-خوتۇننىڭ ئالتە قېتىملىق ئەرزى

سىچۈەن ئۆلكىسى شىفاڭ شەھەرلىك يېزا ئى-گىلىك مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان 65 ياشلىق كادىرى فىڭ شۆشى 3 يىلدا ئالتە قېتىم ئەرز - دەۋا قىلىپ، «چيۇ جۈنىڭ ئەرزىدىنمۇ قىيىن بولغان ئەرز - دەۋا» دا ئاخىرى يېڭىپ چىقىپ، سىچۈەننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن داڭلىق شەخس بولۇپ قالدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بۇ جەر-يانىدىكى كەچۈرمىشلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بىز مىڭ تەستە فىڭ شۆشى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى جۇ تىڭيۈنى زىيارەت قىلدۇق. فىڭ شۆشى مۇناسى-ۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرسەتكەچ خۇرسىنغان ھال-دا: «بىز بۇ ئەرز - دەۋانى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئە-مەلىيەتتە قانۇن كورلىرى ئىدۇق!» دېدى. ئۇلار ئالتە قېتىملىق ئەرزدە تۆت قېتىم ئۇتتۇرۇپ، ئىككى قې-تىم ئۇتتى. شۇنچىۋالا تەسكە چۈشكەن بۇ دېلو ئە-مەلىيەتتە بىر ئائىلە پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پاكىتلىرى ئېنىق، جەريانى ئاددىيلا بولغان مىراس دەۋاسى ئىدى.

## ئادەتتىكى بىر ھەق تەلەپ ماجىراسى شاخ-لاپ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى

فىڭ شۆشى يەرلىك چېڭدۇلۇق بولۇپ، قى-سىمدىن چېكىنىپ شىفاڭ ناھىيىسى (ھازىرقى شى-فاڭ شەھىرى) دە ئىشلىگەن. ئايالى جۇ تىڭيۈ 1959 - يىلى سىچۈەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ فىزىكا فاكولتېتىدا ئوقۇپ، شىفاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان، ھازىر 63 ياشتا.

فىڭ شۆشىلەر ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل بو-لۇپ ئون بالا ئىدى. ئۆزىدىن باشقا قېرىن-داشلىرى چېڭدۇدا ئولتۇراقلاشقانىدى. با-لىلارنىڭ ئالتىنچىسى بولغان فىڭ شۆمىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆيلىنەلمەي كەل-



سۇ دىڭۋېي، شى يەن

گەن كىشى بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا كۆڭلىرى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. يېشى 70 تىن ئاشقان فىڭ شۆمىڭ 1997 - يىلى چا-غانىنى ئەمدىلا ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىغا، يۈرەك خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسەللى قايتا قوزغىلىپ، ئۇنى تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. فىڭ شۆمىڭ كېسەل بولۇپ يې-تىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى فىڭ شۆشىغا: «ئەگەر فىڭ شۆمىڭنىڭ ھالىدىن سەن خەۋەر ئالساڭ، ئۇنىڭ ئۆي - زېمىن ۋە باشقا مال - بىساتلىرىغا سەن ۋارىسلىق قىلىسەن»، دېگەنىدى. فىڭ شۆشى ئارتۇقچە خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرماي، بىر ئۆمۈر تىكەندەك يالغۇز ئۆتكەن بۇ بىچارە ئاكى-سىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئائىلە ئىللىق-لىقىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چېڭدۇدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى.

فىڭ شۆشى ئەر - خوتۇن فىڭ شۆمىڭنى ناھا-يىتى ئوبدان كۆتتى. جۇ تىڭيۈ بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىدىن تە-سىرلىنىپ، فىڭ شۆمىڭغا ھەرقايسى جەھەتتىن ئا-لاھىدە كۆيۈندى. ئۆزى پېنسىيىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ نىمە يېگۈسى كەلسە شۇنى ئېتىپ بەردى، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ پاكىزە باقتى. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق



كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشى ئارقىسىدا، فېڭ شۈمىڭنىڭ چىرايىغا بارا - بارا قان يۈگۈرۈپ بىر ئوبدان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ياخشى بىلگەچكە، نەچچە كۈنلۈككىلا ئۆمرى قالغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ، فېڭ شۈشىغا جامائەت گۇۋاھلىق ئورنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مىراسىنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن فېڭ شۈشى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرەپ كېلىۋاتاتتى.

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردە، فېڭ شۈمىڭ ھاجەتخانىغا چىقىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىشىككە ئۇسۇۋېلىپ يېقىلىپ چۈشتى. فېڭ شۈشى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ باردى. فېڭ شۈمىڭ دوختۇرخانىدا ئىككى كېچە - كۈندۈز يېتىپمۇ كېسەلى ھېچقانداق ياخشىلانمىغاچقا، فېڭ شۈشى جېڭدۇدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، فېڭ شۈمىڭ ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن، فېڭ شۈشى شىفاڭ شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىغا بېرىپ، چېن شىگوي، ياڭ بىن ئىسىملىك ئىككى گۇۋاھچىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى.

فېڭ شۈمىڭ بارلىق قېرىنداشلىرى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئېغىزاكى ۋەسىيەتنامە قالدۇردى: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، بارلىق مال - مۈلكىمگە، جۈملىدىن ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئىشلىرىمغا ئىنىم فېڭ شۈشى ۋارىسلىق قىلىدۇ ھەمدە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ ... ئۆي - مۈلۈك گۇۋاھنامىسى بىلەن نوپۇس دەپتىرىم ھازىر جىيەن قىزىم فېڭ داۋگىنىڭ ئۆيىدە، بۇلارنىمۇ ئىنىم فېڭ شۈشى بېرىپ ئەكېلىۋالىدۇ». گۇۋاھچىلار ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن، فېڭ شۈمىڭ بارمىقىنى بېسىپ بەردى. شۇ بەرگە تەق بولغان فېڭ جەمەتىدىكى بارلىق پەرزەنتلەرمۇ ۋەسىيەتنامىگە ئىمزا قويۇپ گۇۋاھ بولدى.

فېڭ شۈمىڭ 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سەھەر سائەت 2 لەردە قازا قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن فېڭ شۈشى جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن 313 - نومۇرلۇق «ۋەسىيەتنامە جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتى»نى ئېلىپ كەلدى. فېڭ جەمەتىدىكى بارلىق پەرزەنتلەر ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار شىفاڭ شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇ جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق باشقىچە پىكىردە بولمىدى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، فېڭ شۈمىڭنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەن فېڭ شۈشى ئۆزىگە مىراس قالغان ئۆي - مۈلۈك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلمۇچىمىش ئۈچۈن جېڭدۇغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئويلىمىغان يەردىن فېڭ جەمەتىدىكى 20 دەك كىشى تۇيۇقسىز ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېڭ شۈشىغا، فېڭ شۈمىڭنىڭ مىراسىدا ھەممىلەننىڭ ئۈلۈشى بار، شۇڭا ئۇنى تەڭ بۆلۈشىمىز، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن فېڭ شۈشى قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن شۇ كۈنىلا شىماڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۆي - مۈلۈككە مىراسخورلۇق قىلىش ئىشىنى ۋاقىتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، فېڭ شۈبىڭنىڭ جىيەن قىزى فېڭ داۋگ فېڭ شۈشىغا تېلېفون بېرىپ، مىراسنى ئۇنىڭ بىلەن يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە مۇنداق دېدى: «قولۇمدا فېڭ شۈمىڭنىڭ ئۆي - مۈلۈك گۇۋاھنامىسى ۋە نوپۇس دەپتىرىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئۆچۈر بار، يەنى فېڭ شۈمىڭنىڭ نوپۇس دەپتىرىدە ئۇنىڭ بېقىۋالغان قىزى فېڭ لىڭمىننىڭ ئىسمى بار، شۇڭا پەقەت فېڭ لىڭمىنلا فېڭ شۈمىڭنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى بولالايدۇ».

بەختكە يارىشا، فېڭ شۈمىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئىشىدا بىرەر كاشىلا كۆرۈلۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋەسىيەتنامىسىگە: «1986 - يىلى فېڭ لىڭمىن يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆتۈۋېلىش چاغدا، ئاتاقتا ماڭا ئۆگەي قىز بولغان. گەرچە ئۇنىڭ نوپۇسى مېنىڭ دەپتىرىمگە چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى بىرەر قېتىم كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئوتتۇرىمىزدا ھەرقانداق ھوقۇق - مەنپەئەت ۋە مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىمۇ ئورنىتىلمىغان، شۇڭا مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ مىراسىمغا ۋارىسلىق قىلسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق» دېگەن ماددىنى قوشۇپ قويغانىدى.

فېڭ شۈشى ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تېخى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي تۇرغاندا، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇيۇقسىز شىفاڭ شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ «جامائەت گۇۋاھلىقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار بۇنداق قىلىشتا «ۋەسىيەتنامە قالدۇرغۇچى فېڭ شۈمىڭ جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەننى سەۋەب قىلغان. فېڭ شۈشى بىلەن ئائىلە شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «ۋەسىيەتنامە جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتى» بىلەن «جامائەت گۇۋاھلىقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى سېلىشتۇرغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرۇپ



قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە پاكىتلىرى ئېنىق بولغان ئادەتتىكىچە بىر ھەق تەلەپ دېلوسى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## فېڭ شۇشى تۆت قېتىملىق ئەرزىنىڭ ھەممىسىدە يېڭىلىپ قالدى، تەكلىپ قىلغان ئادۋوكاتمۇ كارغا كەلمىدى

فېڭ شۇشى ئەر - خوتۇن فېڭ شۇمىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىناۋەتسىز قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى.

فېڭ شۇشىنىڭ قىزى فېڭ نەن چېڭدۇدا ئىشلەيدىغان بىر تونۇش سوتچىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدى، ئۇ: «بۇ دەۋادا سىلەر گەپ - سۆزسىز ئۇتۇپ چىقىسىلەر»، دەپ ئۇلارغا چېڭدۇنىڭ مەلۇم ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ئادۋوكات خې يىڭنەننى تونۇشتۇرۇپ قويدى.

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئادۋوكات خې يىڭنەن ئۇلارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇنىڭدا پەقەت ۋەسىيەتنامە ھەققىدە دەۋا قىلساقلا ئاندىن بىر گەپ بولىدۇ» دېدى.

بۇ ئىش فېڭ شۇشىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى:

-جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى ۋەسىيەتنامىنى بىكار قىلىۋەتكەن تۇرسا، يەنە قانداق ئەرز قىلىمىز؟

- جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەتنامىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ۋەسىيەتنامىنىڭ بىكار قىلىنغىنىغا باراۋەر ئەمەس.

ئۇلار كېڭىشىش ئارقىلىق، خې يىڭنەن فېڭ شۇشىدىن 5000 يۈەن ۋاكالىتەن بېجىرىش ھەققى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بەردى، يەنە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھۆججەت يېزىپ بەرمەيلا سوتچىلارغا رەھمەت ئېيتىش پۇلى دەپ 2000 يۈەن ئۇندۇرىۋالدى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، چېڭدۇ شەھىرى چىڭياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى «فېڭ شۇمىڭ ۋەسىيەتنامىسى» دېلوسىنى قوبۇل قىلدى. ئادۋوكات خې يىڭنەن فېڭ شۇشىغا ۋاكالىتەن سوتقا چىقىپ ئاقلىغۇچىلىق قىلدى. فېڭ شۇشىنىڭ ئىككى ئاكىسى قۇلىقىمىز ئېغىر، كۆزىمىز ئاجىز بولغاچقا، ئەينى چاغدا ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولالمايتۇق، دەپ سوتتا ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىپادىسىدىن يېنىۋالدى. قانۇننى ئانچە كۆپ بىلىپ كەتمەيدىغان فېڭ شۇشى ئادۋوكاتقا رەددىيە بېرىشنى ئەسكەرتىپ قويدى:

- ئىككى ئاكام پايدا - زىيانغا بىۋاستە ئالاقىدار كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار گۇۋاھچى بولسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەق تەلەپ ھەرىكىتى ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار گېپىدىن يېنىۋالسا قانداق بولىدۇ؟

ئادۋوكات بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- سىزمۇ گۇۋاھچىلىققا ئادەم تېپىپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچلىكى، خې يىڭنەن فېڭ شۇشىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئەرزىنىڭ بارلىق سودىيەلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ دەۋادا ئۇتۇپ چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى، فېڭ شۇشى بۇ خەۋەردىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، 1 - سوتنىڭ ھۆكۈمى خې يىڭنەننىڭ ئېيتقىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. فېڭ شۇشى 1 - قېتىملىق دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويدى.

فېڭ شۇشى خې يىڭنەننى يەنە ئەرز قىلىشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن خې يىڭنەن فېڭ شۇشىدىن فېڭ جەمەتىدىكى باشقا پەرزەنتلەرنىڭ سوتتا ساختا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ھەققىدە سوتقا ئەرز قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار كۆپ قېتىم سالا قىلىشىپمۇ كېلىشەلمىگەندىن كېيىن، فېڭ شۇشى ئۆزى دائىم چايخانىدا بىللە چاي ئىچىشىپ، ھال - مۇڭ ئېيتىشىدىغان قەدىناس دوستى دېڭ بىڭنى ياردەمگە چاقىردى. دېڭ بىڭ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئەرز تەييارلاپ، «ۋاكالەتچى» دېگەن كاتەكچىنى بوش قالدۇرۇپ قويدى. 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى فېڭ شۇشى ئەرزنى خې يىڭنەنگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاۋۋال «ۋاكالەتچى» دېگەن كاتەكچىگە ئىمزا قويۇپ، ئاندىن سوتقا ئاپىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خې يىڭنەن، ئەرزنى سوتقا ئاپىرىپ بېرىشنى ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئىمزا قويۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، چېڭدۇ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «ۋاكالەتچى» دېگەن كاتەكچىسى تولدۇرۇلمىغان بىر پارچە ئەرزنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

2 - سوت 1 - سوتتا پاكىتلار ئېنىق بېكىتىلمىگەن، شۇڭا قايتا بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىدى، فېڭ شۇشىنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

چېڭدۇ شەھىرى چىڭياڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى فېڭ شۇشىنىڭ ئەرزىنى قايتا سورىغاندىن كېيىن، ۋەسىيەتنامىدىكى ئىگىدارنى «ۋەسىيەتنامە جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتى بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ۋەسىيەتنامىدىكى ھەقىقىي ئىگىدارچى قىلىپ بېكىتىشكە بولمايدۇ» دەپ قاراپ، فېڭ شۇشىنىڭ ئەرزىگە كەسكىن رەددىيە بەردى. فېڭ شۇشى بۇ ئۈچ قېتىملىق ئەرزىنىڭ نەتىجىسىدىن يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى.

قەيسەر ئىرادىلىك بۇ كىشى يۇقىرىغا ئەرز قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ 4 - قېتىملىق ئەرزىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.



كېيىنكى قېتىملىق دەۋالاردا، فېڭ شۈشى بىلەن توختاملىشىپ ئاقلاش ھەققى ئالغان ئادۋوكات خې يىڭنىڭمۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە، دېڭ سوتتا سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، دېڭ بىڭ دېگەن ئاقساقال ياشىنىپ ئاجىزلىشىپ قالغىنىغا قارىماي چېگىنۇ بىلەن شىغاڭ ئارىسىدا تولا قاتراپ، فېڭ شۈشىغا ۋاكالىتەن سوتقا چىقىپ ئاقلىغۇچىلىق قىلدى.

## ئەدلىيە ئىدارىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش

1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ـ 7كۈنى، فېڭ شۈشى شىغاڭ شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىغا «جامائەت گۇۋاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»نى قايتا قاراپ چىقىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى. فېڭ شۈشىنىڭ ئايالى جىز تىگىيۇ ئەدلىيە ئىدارىسىدىكىلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارغا: «ئېلىمىز جامائەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنى كېيىنرەك يولغا قويغان بولغاچقا، ئۇنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش تەس ... بىز پەقەت ۋەسىيەتنامىنى قايتا تۈرغۇزۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېۋىدى، ئەدلىيە ئىدارىسىدىكىلەر كۆزلىرىنى ئالايتىپ: «ئەجىبا، قانۇننى سىلەرلا بىلەمسىلەر، ھەتتا بىزدىنمۇ ئوبدان بىلەمسىلەر؟» دەپ كايىپ كېتىشتى.

ئەدلىيە ئىدارىسى بىر ئايدىن كېيىن: «فېڭ شۈشى مەزكۇر جامائەت گۇۋاھلىقى تۈزىدىكى بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى قاتارىغا كىرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قايتا قاراپ چىقىش ھەققىدىكى ئىلتىماسى ئىناۋەتسىز» دېگەن مەزمۇندا «قايتا قاراپ چىقىش قارارى» چىقاردى.

ئىش بارغانسېرى قېلىپتىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئېنى ۋاقىتتا جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، كۆچكە ئىگە» دەپ ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىپ بەرگەن ۋەسىيەتنامە كېيىن «ۋەسىيەتنامە كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ۋەسىيەتنامە قالدۇرغۇچى ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەننى باھانە قىلىپ «ۋەسىيەتنامە جامائەت گۇۋاھلىقى»نى بىكار قىلىنىۋېتىپ. ئەمەلىيەتتە ئەدلىيە ئىدارىسىدىكىلەر فېڭ شۈشىنى ۋەسىيەتنامە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوققا چىقىرىۋەتتى.

بۇ بىتەلەي ئەر ـ خوتۇن كۆز ئالدىدىكى تەتۈر ئىشلاردىن تولىمۇ ئارامسىزلىنىپ زەردىگۈش بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تاسادىپىي پۇرسەت ئۇلارغا يېڭىباشتىن ئۈمىد ئاتا قىلدى.

بىر كۈنى ئەدلىيە ئىدارىسىدە دەرۋازىۋەنلىك قىلىدىغان بىر بوۋاي فېڭ شۈشىنىڭ «جامائەت گۇۋاھلىقىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆپەيتىپ باستۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بۇ ئىشنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا مۇڭداق دېدى:

ـ ۋارىسلىق قىلىش دېگەن ۋارىسلىق قىلىنىغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن باشلىنىدىغۇ! نەدىمۇ جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ۋارىسلىق قىلىش باشلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار؟ ۋارىسلىق قىلدىغۇچىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى دەل جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپتىن فېڭ شۈشىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى:

بەرھەق، ئۇلارنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقىنى بىكار قىلىش سەۋەبى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، بىرسى چوقۇم جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلىغان گەپ!

«قايتا قاراپ چىقىش قارارى»نى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان فېڭ شۈشىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا، ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى مەزكۇر قارارغا قايىل بولمىسا، ئۇنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ، دېيىلگەنىدى. فېڭ شۈشى بۇ قېتىم سوتقا ئەدلىيە ئىدارىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولدى. ئەزەلدىن ئۇنىڭ گېپىنى يېرمايدىغان ئايالى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋارقىراپلا كەتتى: «ئالجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە، بولدى قىلىڭ ئەمدى!» چايخانىدىكى بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى: «ئوينىشاڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالار ھەر باب بىلەن» دېگەن گەپ بار، ئەدلىيە ئىدارىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ نېمە قىلىسەن؟»

پەقەت فېڭ شۈشىنىڭ ئامېرىكىدىكى قىزىلا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشنى تاپىلىدى. كىم بىلسۇن، ئادەتتە دەۋاگەرلەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئادۋوكاتلار ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ نامىنى ئاڭلاپلا: «ئاقساقال، سىز بىلمىسىز، بىزنى ئەدلىيە ئىدارىسى باشقۇرىدۇ. بىزگە سىڭگەن نېنىمىزنى يېگىلى قويۇڭ» دېيىشىپ ئۇنىڭغا زادىلا يېقىن يولىمىدى.

كىرىچقا سىلىپ بولغان ئوقنى ئاتماي بولمايتتى، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن بېسىم فېڭ شۈشىنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدنى دېڭ بىڭغا باغلاپ، ئۇنى ئىزدەپ بېرىۋىدى، دېڭ بىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «ئادۋوكاتلارنىڭ ئەخلاقى ۋە كەسىپ ئەخلاقى»، «جامائەت گۇۋاھلىقى ۋە قانۇن» دېگەن كىتابنى ھەدىيە قىلدى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئامېرىكىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى لىنكولىننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. كىتابتا يېزىلىشىچە، لىنكولىن بۇرۇن يۇرتىدىكى بىر كىتاب يايمىسىدىن



تاسادىپىي ھالدا بىر پارچە قانۇن كىتابىنى سېتىۋالىدۇ، ئۇ قانۇنغا دائىر مەزمۇنلاردىن چوڭقۇر

ھاياجانغا چۆمۈپ، ھەر كۈنى 30 كىلومېتىر يول يۈرۈپ سوتقا سىرتتىن قاتنىشىپ، ئادۋوكاتلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلايدىغان دەرىجىگە يېرىپ يېتىلىۋ، كېيىن ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە ئولتۇرغان مەزگىلىدە تېخى خەقلەرنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. لىنكولىننىڭ قارىشىچە، ئادەم چوقۇم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشى، نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى ... كېرەك ئىدى.

باشقىلارغا يالۋۇرغانلىق كۆرە، ئۆزۈم ئاۋۋال قانۇن ئۆگىنىپ ئاندىن دەۋالىشىپ باقمامدىم، دەپ ئويلىغان فېڭ شۇشى ئايالىنىمۇ قايىل قىلىپ، ئىككىسى بىرلىكتە «جامائەت گۈزۋاھلىقى پرىنسىپلىرى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى» قاتارلىق بىر دۆۋە قانۇن نوپلاملىرىنى كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى كۆچۈرۈپ، بادلاپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىشىنى چىشلەپ ئۆگەندى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە توپ ـ توغرا بىر ئاي ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئۆگىنىپ خېلى بەرگە ئاپاردى، توپلىغان ئالاقىدار ماتېرىياللىرى بىر ساندۇققا ئاران پاتتى.

ئۇلار نوقۇل نەزەرىيىۋى بىلىمگىلا تايىنىپ دەۋادا ئۇتۇپ چىققىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، بۇگۈنى فېڭ شۇشى دەۋاگەر، جۇ تىڭيۇ جاۋابكار بولسا، ئەتىسى جۇ تىڭيۇ دەۋاگەر، فېڭ شۇشى جاۋابكار بولۇپ، تەقلىدىي سوت ئېچىپ مەشىق قىلدى. ئۇلار بۇ ئىشنى نەچچە ئون قېتىم سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، جاۋابكار بولغۇچى ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ ھە دېگەندىلا تىلى تۇتۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دەۋادا ئۇتۇپ چىقالمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاندىن مەشىقنى توختاتتى.

1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، فېڭ شۇشى شىفاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرزنامىسنى تاپشۇرۇپ بەردى. سوتچىلار بەش بەتلىك «مەمۇرىي ئەرزنامە»نى تەكرار كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن باشقىچىلا ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىشتى. ئەتىسى فېڭ شۇشى سوت مەھكىمىسىگە يەنە كەلدى. مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭدىن بۇ ئەرزنامىنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى سورىدى. فېڭ شۇشى ئۇنىڭغا تېپسىلىي جاۋاب بېرىۋېدى، ئۇ كىشى سەل دەرگۇمان بولغاندەك تەلەپپۇزدا: «ئوبدان يېزىلىپتۇ، ناھايىتى سەۋىيىلىك يېزىلىپتۇ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يېزىلىپتۇ»، دەپ باش لىڭشىتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئەرزنامىنى ئەر ـ خوتۇن



ئىككىسى قانۇن ـ نىزاملاردىن تولۇق نەقىل كەلتۈرۈپ، 8 ـ 7 قېتىم ئۆزگەرتىپ پىششىقلاپ يېزىپ چىققان، شۇڭلاشقا خەتمۇ ـ خەت يادلاپ بولغانىدى.

## كەسىپ ئەھلىگە ئايلانغان پېنسىيەدەم ئەر ـ خوتۇن ئاخىرى دەۋادا ئۇتۇپ چىقتى

1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، فېڭ شۇشى ئەر ـ خوتۇننىڭ شىفاڭ شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى توغرىسىدىكى «قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش» دېلوسى ئۈستىدە سوت ئېچىلدى. فېڭ شۇشى دەۋاگەر، جۇ تىڭيۇ دەۋاگەر ۋاكالەتچىسى بولۇپ سوتقا چىقتى.

سوت ئېچىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، فېڭ شۇشى ئۆزىنى «دەۋاگەر»، جۇ تىڭيۇنى «جاۋابكار» قىلىپ، تاكى جاۋابكار بېكىتىلىپ قالغانغا قەدەر ئىككى سائەت تىل جېڭى قىلىپ، ئوبدان مەشىق قىلىۋالغانىدى ھەمدە ھاياجىنىنى باسالماي شىفاڭ بىلەن دېياڭدىكى مەمۇرىي تەپتىش، ئىنزىلم تەكشۈرۈش، ئاخبارات تارماقلىرىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنى «ئاۋامنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن قىلغان ئەرزى» يۈزىسىدىن ئېچىلىدىغان بۇ بىر مەيدان سوتقا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

جاۋابكارلاردىن شىفاڭ شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زۇ زۇڭمىڭ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن شيەنگۈي سوتقا چىققان بولۇپ، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ يۇدې چىقمىغانىدى. فېڭ شۇشى ئېھتىيات ئۈچۈن، قانۇنغا دائىر ئون نەچچە كىتابنى ئېلىۋالغانىدى.

بىرىنچى سوت باشلاندى. فېڭ شۇشى دادىللىق بىلەن مۇھىم سەۋەبنى بەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىيەت يۈرگۈزگەنلىكىنى ئەيىبلىدى:

1. جاۋابكار «مىراسخورلۇق قانۇنى»نىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ۋاقتى مىراس ئىگىسى ئۆلگەندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە خىلاپلىق قىلدى.

2. جاۋابكار جامائەت گۈزۋاھلىقى قائىدىسىنىڭ 57 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھېچقانداق ئاساسسىزلا جامائەت گۈزۋاھلىقىنى بىكار قىلىۋەتتى.

3. جاۋابكار جامائەت گۈزۋاھلىقى قائىدىسىنىڭ 45 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدىكى ئادەتتىكى تەرتىپ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

4. جاۋابكار جامائەت گۈزۋاھلىقى قائىدىسىنىڭ 52 ـ ماددىسىدىكى ئالاھىدە تەرتىپ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

5. جاۋابكار جامائەت گۈزۋاھلىقى قائىدىسىنىڭ 26 ـ ،

54 ـ ، 40 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ-
لىق قىلدى.

فېڭ شۈشى قانۇن ـ نىزاملاردىكى ھەربىر ئالا-
قىدار ماددىنى قارشى تەرەپنىڭ رەددىيە بېرىشىگە ھېچقان-
داق بوچۇق قالدۇرماي ناھايىتى تەپسىلىي شەرھىلەپ چىق-
تى. نۇۋەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قانۇن ساھەسىدىكى
كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار
بولغاچقا، ئۇ قىلچىمۇ بىخەستەلىك، بوشاڭلىق قىلمى-
دى، تېنەپ ـ تەمتىرەپ ئولتۇرمىدى، ئەر ـ خوتۇن ئىك-
كىسى تولىمۇ ئوبدان ماسلىشىپ ماڭدى. فېڭ شۈشى قا-
نۇن ـ نىزاملاردىن نەقىل كەلتۈرسە، جۇ تىڭيۇ بەزىبىر
جەھەتتىن ئىزاھات بېرىپ تولۇقلاپ تۇردى. نۆۋەتتە ئول-
تۇرغانلار پاتپات بىر ـ بىرىگە قىزلاق بېقىشىپ ئۇلارغا
بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى.

جاۋابكارلار كۈچلۈك رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قالدى.

فېڭ شۈشى بىلەن جۇ تىڭيۇنىڭ كەسىپ ئەھلىلى-
رىدەك بىلىم سەۋىيىسى ۋە جانلىق باياني بىر قىسىم قانۇن
خىزمەتچىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. سوتتا كومپيۇتېرلىك
ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئىلگىرى دېلو قوبۇل قىلىپ سوت
ئاچقاندا ئانچە ـ مۇنچە ئارىسالدى بولۇشتىن ساقلىنالماي-
دىغان باش سوتچى، بۇ قېتىم زادىلا ھاياجىنىنى باسالماي،
ھە دەپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى:

ـ داۋاملىق سۆزلەڭلار، سۆزۈڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلا-
ر...

مەزكۇر دېلودا جاۋابكار سۈپىتىدە سوتقا چىققان ئىد-
لىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆز ئۆزگىمىڭ ناھايىتى
تەسىرلەنگەن ھالدا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «بۇ بىر جۈپ
باشانغان ئەر ـ خوتۇن ئادەتتىكى يۇقىرا بولۇش سۈپىتى بىلەن
قانۇن ساۋاتلىرىنى تولىمۇ پىششىق بىلىدىكەن، ئۇلار بۇ
قېتىمقى سوتتا مەيلى ئۇتتۇپ چىقسۇن ۋە مەيلى ئۇتتۇرۇ-
ۋەتسۇن، ئىشقىلىپ مەن ئۇلارغا چوڭقۇر قايىل بولدۇم».

شىفاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار
شىفاڭ شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ (1998) 001 ـ نو-
مۇرلۇق «قايتا قاراپ چىقىش قارارى» بىلەن شىفاڭ شەھەر-
لىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ (1997) 04 ـ نومۇرلۇق
«جامائەت گۇۋاھلىقىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى ئۇق-
تۇرۇش»نى بىكار قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.
شۇنداق قىلىپ، 5 ـ قېتىملىق ئەرزدە فېڭ شۈشىلار
ئۇتتۇپ چىقتى.

شىفاڭ شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ھۆكۈمگە قايىل
بولماي، دېياڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمى-
سىگە ئەرز سۇندى.

دېياڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
جاۋابكارنىڭ ئەرزىنى مۇزاكىرىگە قويغاندا، يەنىلا فېڭ
شۈشى ئەر ـ خوتۇن يالغۇز «جەڭ» قىلدى. نەتىجىدە ئەدلىيە
ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى يۇت تىرەپ تۇرالمى-
دى.

1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەزكۇر سوت مەھ-
كىمىسى ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىپ، جاۋابكار-
نىڭ نارازىلىق ئەرزىگە رەددىيە بېرىپ، ئەرزنى قايتۇرۇۋەتتى
ھەمدە ئىسلىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالغانلىقىنى جاكار-
لىدى. فېڭ شۈشى ئەر ـ خوتۇن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇ-
زۇل ـ كېسىل غەلىبە قىلدى.

شىفاڭ شەھىرى بۇ خەۋەردىن تەۋرەپ كەتتى. كىشى-
لەر: «يۇقىرىلارمۇ ئەدلىيە ئىدارىسىنى ئەرز قىلىپ ئۇتتۇپ
چىقالايدىكەن ـ ھە!» دېيىشىپ بەس ـ بەستە غۇلغۇلا قى-
لىشتى. فېڭ شۈشى تېخىمۇ ھاياجانغا چۆمدى: يۇقىرىلار
قانۇندىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك قورالنى قولىغا ئالغاندىلا
ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىيالايدۇ.

يېقىندا فېڭ شۈشى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئامېرىكىدا دېت-
رويت شەھىرىدە ھېسابلاش ماشىنىسى پەنلىرى بويىچە
ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئىككى قىزى ئۇلارنى كۆچۈپ
كېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە يەنە بىر
قېتىم تەكلىپ قىلدى. مال ـ مۈلۈككە مىرلسخورلۇق قى-
لىشنىڭ ئەمەلىيىتە ياشانغان ئەر ـ خوتۇن ئۈچۈن ئۇن-
چىۋالا چوڭ ئەھمىيىتى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار
ئامېرىكىغا يەنە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بېرىشنى قارار
قىلدى. فېڭ شۈشى تېلېفوندا قىزىغا ئامېرىكىنىڭ قانۇنغا
دائىر كىتابلىرىدىن ئەۋەتىپ بېرىشنى، ئامېرىكىدا ياشاش
ئۈچۈن ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ قانۇنىنى بىلىش كېرەكلىكى-
نى ئېيتتى. ھازىر بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن قانۇنغا مەس-
تانە بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى-
نىڭ ھەممىلا يېرىدە قانۇنغا دائىر توم ـ توم كىتابلارنى
كۆرگىلى بولىدۇ. فېڭ شۈشى بىزگە خۇرسىنغان ھالدا
مۇنداق دېدى:

ــبەختكە يارىشا، بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزغا كەل-
دى، نېمىشقا دېگەندە بىزنىڭ يېتەرلىك ۋاقتىمىز، زېھنىي
كۈچىمىز بولغاچقا، ئائىلە شارائىتىمىز يار بەرگەچكىلا،
قارشى تەرەپ بىلەن ھارماي ـ تالماي ھېپىلىشىپ، ئاخىرى
ئۇتتۇپ چىقالىدۇق. بىزنىڭ ئورنىمىزدا باشقا ئادەم بولغان
بولسا، ئۇلار راستتىنلا «قانۇن»غا يەم بولۇپ كەتكەن بولات-
تى!

ئاددىيلا بىر ئەرز چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان بىر
جۈپ ئەر ـ خوتۇننى «قانۇن مۇتەخەسسىسى» قىلىپ يې-
تىشتۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭدىن بەزىلەر شادلانسا، يەنە بەزى-
لەر ھەسرەت چېكىشتى!

(ماقالىدا ئادۋوكات خې يىڭنەنلەن باشقىلارنىڭ ئى-
سىم ـ فامىلىسى ئېنىق ئېلىندى)

ئەسقەر مۇھەممەت (ت)



سىرىق تۆپىلىككە جايلاش-
قان بۇ قىيالىق تاشيولغا ناھايىتى
يىراق ئىدى. قاتار قىلىپ ياسالغان
دېھقان كەپىلىرى ئالدىدا تۇرغان
ئۈچ ياشلارغا كىرگەن بىر بالا يات
كىشىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپلا: «ئاپا، تېز قېچىڭ، خەق-
لەر سىزنى تۇتقىلى كەلدى» دەپ
جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. بويى
پاكار، ئۆڭى قارا كەل-
گەن چوكان قاتتىق
ھودۇقۇپ، قولىدىكى
ئىشنى تاشلاپ قاچ-
ماقچى بولدىيۇ، كەل-
گۈچىنىڭ يامان نىيە-
تى يوقلىقىنى سەز-
گەندەك، قوللىرىنى
ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدا
تۇرۇپ قالدى.

ئۇ چېگرىدىن قا-
نۇنسىز كىرگەن بېر-
مىلىق قىز ئىدى. بۇ
قىز مۇشۇ يەردە دەك-
كە - دۈككە ئىچىدە
تۆت يىلنى ئۆتكۈزدى.
ئۇنىڭ بۇ چەت تاغلىق
كەنتتە بىر ئائىلىسى
بار، ئۇنى ياخشى كۆ-
رىدىغان ئېرى، يەنە
ئۈچ ياشتىن ئاشقان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز -
قۇلاق بولالايدىغان بىر
ئوغلى بار.

*ئۇنىڭ ئائىلىسى*

*بېرمىدا*

بۇ بېرمىلىق قىزنىڭ ئىسمى
يې ساتا، خەنزۇچە ئىسمى لى دا.
لى دا ئەسلى بېرمىنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى يۈننەن بىلەن چېگ-
رىلىنىدىغان تاغلىق رايوندا ئولتۇ-
راتتى. قويۇق ئورمانلىق-
نىڭ چېتىدە ئون نەچچە
ۋازۇ ئائىلىسى بىر كەنت

بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ،
كەنتنىڭ ئەتراپى ياغاچ بىلەن
چىتلانغان. كەنتتىكىلەر كەنتنىڭ
سىرتىدىكى پارچە - پۇرات ئاختا-
مىلىقلارغا قوناق، شال دېگەندەك
زىرائەتلەرنى تېرىپ جاھاندارچى-
لىق قىلاتتى. ھوسۇل ناھايىتى ئاز
بولغاچقا كىشىلەر دائىم ئاچ - زې-
رىن يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇلار بەزىدە

قىلغان. يې ليۇئەن بۇ ئائىلىگە
كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش ئۇيياقتا
تۇرسۇن، ئەكسىچە يەنە ئىككى
ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت ئاۋۇدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى
تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى.
مۇشۇنداق شارائىتتا، لى دا ئاچ -
توق يۈرۈپ ئاخىرى چوڭ بولدى.

ئۇ ئۆز كۆچىگە تايىنا-
لىغىدەك بولغاندىن كې-
يىن، مەدىكارچىلىق قى-
لىش ئۈچۈن جۇڭگوغا
كەلدى. ساۋاتسىز، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە يات يەر-
نىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى
بىلمىگەچكە، يۈننەنگە
كېلىپلا نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ
بوي - تۇرقى تولىمۇ ۋې-
جىك بولغاچقا، قىل-
غۇدەك بىرەر ئىش تاپ-
مىغىمۇ تەس ئىدى. ئۇ
شۇنچە يۈرۈپمۇ بىرەر
پاناھ جاي تاپالمىدى. ھاۋا
شۇنچە ئىسسىق. ئۇ
ئېچىرقاپ كۆزلىرى
تورلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇ دەلدەڭشىپ ماڭغى-
نىچە بىر شېكەر قو-
مۇشلۇقىغا يىقىلىپ قالدى.
ئۇ بىر تال شېكەر قو-
مۇشىنى سۇندۇرۇشقا
تەمشەلدىيۇ، يىراق كۆ-
زى قاراڭغۇلىشىپ يەر-
گە يىقىلدى.

لى دا ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆ-
لۈم گىردابىدا ياتقاندا، ئاشۇ شېكەر
قومۇشلۇقىنىڭ خوجايىنى — ئوت-
تۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۇنى قۇت-
قۇزۇۋالغانىدى. بۇ ئايالنىڭ ئىس-
مى يې جۇ بولۇپ، يۈننەننىڭ
مېڭلا ناھىيىسىدىكى شېكەر قو-
مۇش تېرىغۇچى ئىدى. لى دا
ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، «-

تەۋەككۇل قىلىپ تاغ ئىچىدە ئوۋ-
چىلىقمۇ قىلاتتى. لى دا تاكى ھا-
زىرغىچە ئۆزىنىڭ يېشىنى بىل-
مەيدۇ، تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ بىل-
مەيدۇ. لى دانىڭ ئاپىسى ئۇ نا-
ھايىتى كىچىك چاغدىلا ئالەمدىن
ئۆتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي،
ئۇنىڭ دادىسى قوشنا كەنتتىكى يې
ليۇئەن ئىسىملىك قىز بىلەن توي



# چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن ياپانلىق موھاجىر

خۇ چۇنشۇ



گۈپ»لا قىلىپ يەرگە تىزلاندى—ده، يې جۇگە باش ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ توختىماي بىر نېمىلەرنى دېيەتتى، قوللىرىنىمۇ توختىماي پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ يۈرۈپ، يې جۇدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېلىشنى، ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلالايدىغانلىقىنى، جاپاغا چىدايدىغانلىقىنى، پەقەت قورسىقى تويسىلا باشقا ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يې جۇ لى داننىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى. يې جۇنىڭ باش لىڭشىتىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېلىشقا قوشۇلغانلىقىنى كۆرگەن لى دا خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇردى. يې جۇنىڭ شىكەر قومۇشلۇقىدا بىر قانچە مەدىكار بار ئىدى، لى دا ئەمگەك قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شاۋ فامىلىلىك بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شاۋ فامىلىلىك سىچۈەننىڭ رېنشۇ ناھىيىسىدىكى بېيلۇ بازىرىدىن كەلگەن بولۇپ، يۈننەندە مەدىكارلىق قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانىدى. ئۇ تېخى بۇ جەرياندا مېڭلا ناھىيىسىدىكى بىر قىز بىلەن توي قىلىپ ئائىلىلىك بولغانىدى. شاۋ فامىلىلىكنىڭ بىر قېيىن سىڭلىسى بولۇپ، ئۇلار بىللە تۇرۇپ يې جۇنىڭ شىكەر قومۇشلۇقىدا مەدىكارلىق قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا لى دا شاۋ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى، تېخى خەنزۇچە سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ۋاقىت ئۆزىرىغانچە تىل جەھەتتىكى توسالغۇمۇ تۈگىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ بارغانچە يېقىنلىشىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، لى دا ئۆزىنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، شاۋ ئائىلىسىدىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىدى.

1995 ـ يىلى چاغاندا، شاۋ فامىلىلىك يۇرتى رېنشۇغا بېرىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لى داغا تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ لى داغا «سىچۈەن ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى» دەپ ماختاپ يۈردى. بۇنى ئاڭلىغانچە لى داننىڭ سىچۈەننى بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى بايقىغان شاۋ فامىلىلىك: «لى دا، سىچۈەنگە بارغۇڭىز بارمۇ؟ پۇرسەت تېپىپ سىزنى ئوينىتىپ كېلەيمۇ؟» دېدى بىر خىل سىرلىق تەلەپپۇزدا. بۇنى ئاڭلىغان لى دا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لى دا شاۋ فامىلىلىك بىلەن بىرگە رېنشۇ ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

## *ئۇ باشقىلارغا سېتىۋېتىلدى*

بېيلۇ بازىرىدىكى كونا ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، شاۋ فامىلىلىك لى داني 4500 يۈەنگە باشقىلارغا «سېتىۋەتتى». ئۇنى «سېتىۋالغۇچى» دېھقان يىگىت بولۇپ، ئىسمى لو يۈەنجۇ ئىدى.

لو يۈەنجۇ 1967 ـ يىلى رېنشو ناھىيىسىنىڭ لۇڭجىڭ بازىرىدىكى بىر نامرات تاغلىق رايوندا تۇغۇلغان. ئۇلار جەمئىي ئالتە بالا بولۇپ، لو يۈەنجۇ بالىلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى. لو يۈەنجۇنىڭ ئائىلىسىدىكى سەككىز جان شەھەردىن يىراقتا جايلاشقان بۇ چەت كەنتتە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئۈچ ئېغىزلىق كەپىدە ئولتۇراتتى. ھال ـ كۈنى تولىمۇ بەتتەر ئىدى. 14 يېشىدا ئوقۇشتىن قالغان لو يۈەنجۇ باشقىلار بىلەن بىللە ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تاش مەيدانىدا تاشچىلىق قىلدى.

بالىلىرى چوڭ بولغانچە، لو يۈەنجۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى شۇنچە غەم باستى. ئۇلار مىڭ بىر جاپادا ئىككى ئوغلىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلدى، بىر ئوغلىنى بولسا باشقىلارغا كۈيئوغۇل قىلىپ بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چۆنتىكى قۇرۇقدىلىپلا كەتتى. بىراق، قالغان ئوغۇللىرىنىڭ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىشىگە قېرىلىق يېتىۋاتقان ئاتا ـ ئانىنىڭ قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن؟ شۇڭا ئۇلار تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن لو يۈەنجۇغا بىرەر لايىق تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. بىراق، مۇشۇنداق بىر ئائىلىگە كىممۇ ياتلىق بولغۇسى كېلىدۇ؟ ئاخىرى بىر يەردىن ئۇچۇر ئالغان لو بوۋاي ھاياجانغا چۆمدى، بىراق قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن 4500 يۈەن تەلەپ قىلغانىدى. بۇ بوۋاينى تەڭقىسلىقتا قويدى. ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلىغاندىن كېيىن، لو بوۋاي يۈزىنى قىلىن قىلىپ، ئۆتنە ـ يېرىم بىلەن پۇلنى غەملىدى ـ دە، ئوغلى لو يۈەنجۇنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

1995 ـ يىل 4 ـ ئاي، دەل ـ دەرەخلەر كۆكلىرگەن مەزگىل. لو يۈەنجۇ دادىسىغا ئەگىشىپ، دەللالنىڭ يول باشلىشى بىلەن شاۋ فامىلىلىكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا، بويى پاكار، قارامتۇل كەلگەن بىر قىزنىڭ تام تۈۋىدە كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. شاۋ فامىلىلىك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئىشارەت قىلدى: «مانا، مۇشۇ شۇ». لو بوۋاي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىزغا تازا زەڭ سېلىپ قارايتتى. قىزنىڭ چىراي ـ شەكلى، چاققانلىقى ئۇنى خېلىلا رازى قىلدى. «سىڭىچە قانداقراق؟» دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىدىن. لو يۈەنجۇ ئوڭايسىزلىنىپ: «دادا،



ئۆزىڭىز قارار قىلىڭ» دېدى. ئۇ-نىڭ تۇرقىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لو بوۋاي تېزلا قارارغا كەلدى، سودا پۈتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، شاۋ فامىلىلىك لى داغا بىر خىزمەت تېپىپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ لو فامىلىلىك ئاتا ـ بالا بىلەن بىرگە مېڭىشىنى ئېيتتى. لى دا شۇ ماڭغانچە ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان بىر تۇرمۇشقا قەدەم باستى.

لو ئائىلىسىدىكىلەر بۇۋلىن ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئىدى. گەرچە ئۇلار جىق پۇل خەجلەپ لى دانى سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئۇنى ئوغلى يۈەنجۇ بىلەن ئېچىتىپ قويۇشقا ئالدىرىماي، ئۇنىڭ كۆنۈۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بەردى. لى دا يۈەننىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىۋاتقاچقا، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشى بەكمۇ قىيىنغا چۈشتى. باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئىشارەت قىلىپ مەقسىتىنى ناھايىتى تەستە ئۇقتۇراتتى. ئەمما، قالتىس ئەمگەكچان ئىدى. بۇنىڭدىن لو ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بىرەر ئايچە بولغاندا لو ئائىلىسى ئادەتتىكى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، لۇ يۈەنجۇ بىلەن لى دانىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدى. ئەسلىدە لى دا بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ پاكىتنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى. ئايال كىشى بولغانلىكى كېيىنلا مەيلى نەدىلا بولسۇن بەرىبىر ياتلىق بولىدىغان گەپ. ۋاھالەنكى، بۇ ئىشلارنى لو ئائىلىسىدىكىلەر ئىگە بولۇپ قىلىۋاتقان بولغاچقا، لى دا بۇ نىكاھ ئېرىپ چېتىلىدىغان پاسپورت، كۆچمەنلىك رەسمىيەتى، نىكاھلىنىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئويلاپمۇ يۈرمىدى. لو ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ قىيقاس ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە، لى دا لو يۈەنجۇغا نىكاھلاپ قويۇلدى. لو ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىسىنى كۆرگەن لى دا ئۆزىنى راستىنلا بىر ئائىلىلىك بولغاندەك ھېس قىلدى.

لو يۈەنجۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر لى داغا راستىنلا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئىشچان، جاپاغا چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، قېيىن ئاتىسىمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

بىرمىدىكى ئۆيىدە بىر قېتىم بانان ياكى قاقلاپ پىشۇرۇلغان كۆممىقوناق يەۋېلىش لى دا ئۈچۈن چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، لو بوۋاي ئۆزىنىڭ نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى ئەنە شۇنداق نەرسىلەر بولاتتى. بۇنى ئاڭلىغان لو بوۋاي «ۋاي بىچارە بالا» دەيتتى كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

شۇندىن كېيىن لو بوۋاي ئاتايىن لوڭجېڭ بازىرىغا بېرىپ، لى داغا بىر ساپاق بانان سېتىۋېلىپ كەلدى. لى دا بانانىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا چىڭ بېسىۋالدى. بۇنى كۆرگەن لو بوۋاينىڭ چىھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى. ئۇ لى داغا تولىمۇ دىلكەشلىك بىلەن: «بالام، يەڭ، يەپ بولسىڭىز يەنە بار» دەيتتى. لو شۇنداق دېگەچ خالتىسىدىن بامبۇك خادىسىغا سانجىلغان قاقلاپ پىشۇرۇلغان كۆممىقوناقتىن ئىككىنى چىقاردى. گەرچە سەھرادا كۆممىقوناق يېيىش ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، لو بوۋاي بۇ ئىككى باش كۆممىقوناقنى بازاردىن سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى بوۋاي «سېتىۋېلىپ يېيىسە تاتلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغانىدى. لى دانىڭ بۇ نەرسىلەرنى مەززە قىلىپ يېگىنىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق قاپلىدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا لى دا بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى پەرزەنتىگە سۆيۈك سۆيۈك دەپ ئىسىم قويدى. ئوغۇل نەۋرە كۆرگەن لو بوۋاي بىلەن مومايمۇ خۇشاللىققا چۆمدى. باياشات بولمىسىمۇ، بۇ بىر ئائىلە كىشى شاد ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. كىم بىلسۇن، جۇدالىق ئاخىرى يېتىپ كەلدى. بۇ ئايرىلىش ئەقىلگىمۇ، قانۇنغىمۇ ئۇيغۇن، بىراق تەستە قۇرۇلغان ئائىلە ئۈچۈن تولىمۇ شەپقەتسىزلىك ئىدى، ئەلۋەتتە.

### قانۇن ۋە قانۇنسىزلىق

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، رېنشو ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ نوپۇسىنى تەرتىپكە سالغاندا، بۇ يەردە چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگەن بىرىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىشنى دەرھال قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لى دا بىرمىغا مەجبۇري قايتۇرۇۋېتىلدى. لى دا بىلەن لو يۈەنجۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ساقچىلار ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى 2500 يۈەن ئاجرىتىپ، لى دانى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس خىراجەت قىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ج خ ئورۇنلىرىنىڭ بۇنداق بىر تەرەپ قىلىشى قانۇنغىمۇ، ئەقىلگىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. لېكىن، بۇنداق تىرىك جۇدالىق ئالدىدا لو يۈەنجۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. لو يۈەنجۇمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. بولۇپ-



مۇ ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەن
ئوغلى ئاپىسىنىڭ پېشىغا ئېسىـ
لىۋېلىپ ھە دەپ يىغلايتتى، يىغـ
لاۋېرىپ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىـ
دى. لى دامۇ كۆز ياشلىرىنى زادىلا
توختىتالمايتتى.

لى دا گەرچە ئۈچ يىل تۈرغان
بۇ ئائىلىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىـ
سىمۇ، بىراق ئىلاجسىز بولـغا
چىقتى. ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن
كېيىن ئاتىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئا-
لەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ
يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمايتتى.
بۇ چاغدا ئۇ جۇڭگودا «دادا» دەپ
ئاتايدىغان قېيىن ئاتىسىنى، ئېرىـ
نى ۋە ئوغلىنى تېخىمۇ سېغىنىـ
دى. ئۇ ئۇلاردىن ھەقىقەتەنمۇ ئايـ
رىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگـە،
ئاتا ـ ئانىسى قازا قىلغان، ئاكىسى
بولسا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان،
ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ھالىمۇ قىيىن
بولغاچقا، بىرمىدا تارتىشـقۇدەك
ھېچنەرسىسى قالمىـغانـىدى.
بىرمىدا ئۇنىڭ يېشىدىكى قىزلار
ياتلىق قىلىنىپ بولغانىدى. ياتلىق
بولغانىكەن، خەقنىڭ ئادىمى دې-
گەن گەپ. لى دا ھازىر جۇڭگودىـ
كى بىر دېھقان ئائىلىسىگە ياتلىق
بولغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى سىچۈەن
ئۆلكىسىنىڭ رېنشۇ ناھىيىسىـ
دىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان تاغـ
لىق كەنتتە. ھازىر لى دا ئاشۇ نامـ
رات ئائىلىسىنى ھەر قانداق چاغـ
دىكىدىنمۇ بەكرەك سېغىنىۋاتاتـ
تى. لى دا جېنىدىن كېچىدىغان
ئىش بولسىمۇ ئۆزىگە تەئەللۇق
بولغان ئاشۇ ئائىلىسىگە قايتىشـ
نى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
يەنە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭلا
ناھىيىسىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەردە
مەدىكارلىق قىلىپ، يول خىراجىـ
تىنى غەملىگەندىن كېيىن «ئۆيىـ
گە» قايتماقچى بولدى.

لى دا كەتكەندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭ ئوغلى «ئاپامنى تېپىپ بې-
رىڭلار» دەپ كۈنبويى غەلۋە قىلـ
دى، ھەرقانداق بىزلەشكىمۇ كۆنـ
مەيتتى. ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان
لو بوۋاي لى دانى ئۆز قىزىدەك كۆ-
رەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قىزى بۇ
«ئۆي»گە بەلكىم مەڭگۈ قايتـال-
ماس. لو بوۋاي ئەنە شۇنداق ئازاب
بىلەن قازا قىلدى. لو يۈەنجۇ قاتـ
مۇ ـ قات دەرد ـ ئازاب ئىچـىدە
ئۆرتىنەتتى. ئامالسىز قالغـان لـو
يۈەنجۇ باشقىلاردىن بىر نـەچچـە
يۈز يۈەن قەرز ئالدى ـ دە، ئوغلىنى
ئېلىپ يۈننەنگە ماڭدى. ئۇ ئايا-
لىنىڭ بىرمىدىكى ئادرېسـىنى
بىلمەيتتى، بىراق، ئۇ يۈننەن بىـ
لەن بىرما چېگرىسىغا بېرىـۋالـ
سىلا، ئاستا ـ ئاستا دېرىكـىنى
قىلسام بولىدۇ، داۋاملىق بىـرگـە
ئۆتەلمىسەكمۇ، بىرەر قېتىم يۈز
كۆرۈشۈۋالسامـمۇ بـولاتتـى، دەپ
ئويلايتتى. ئۇ ھەتتا، ئەگەر ئايا-
لىمنى تاپالمىسام، رېنشۇ ناھىيىـ
سىگە قايتماي، يۈننەندە بىر ئۆ-
مۈر مەدىكارلىق قىلىمەن، شۇنداق
قىلسام لى دا بىلەن كۆپـرەك يـۈز
كۆرۈشەلەيمەن، دېگەن يەرگىـمۇ
كېلىپ قالغانىدى.

يۈننەنگە كەلگەندىن كېيىن
ئۇدۇل مېڭلا ناھىيىسىگە باردى.
ئۇ يەردىن يەنە جۇڭگـو ـ بىـرمـا
چېگرىسىدىكى بىر كىچىك با-
زارغا كەلدى. لو يۈەنجۇ بۇ بازارلىق
ساقچىخانىدا بىر يۇرتلۇقـىنىڭ
بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يار-
دەم سورىماقچى بولدى. تەقدىرنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ غەـ
لىتە بولىدۇ. ئۇ ساقچىخانـىغا
كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، قـانۇنـ
سىز بولسىمۇ ئۆزى بىلـەن ئۈچ
يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن ئايالى لى
داغا يولۇقۇپ قالدى. لو يۈەنجۇ ھەم
ھەيران بولغان، ھەم ناھايىتى خۇ-
شاللانغان ھالدا لى دانى چاقىردى.
بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆز ياش
قىلغىنىچە قۇچاقلىشىپ كـۆرۈ-
شۈپ كەتتى.

لى دا «ئېرى»گە ئەگىـشىپ
رېنشۇ ناھىيىسىدىكى «ئۆيى»گـە
ئوغرىلىقچە قايتىپ كەلدى. بىـ
راق، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم
دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىلىـشىدىن
ئەنسىرەيتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەر
دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تـۇرمـۇش
كەچۈرگىلى تۇردى. ھازىر ئۇلار-
نىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلىغىـمۇ
ئاز ـ تولا ئەقىل كىردى. ئاپىسىـ
نىڭ «قوغدىغۇچىسى»دەك، بىرەر
يات ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىـنى
كۆرگىدەك بولسـىلا: «ئاپـا، تېـز
قېچىڭ، ئۇلار سىزنى تۇتـقىلى
كەلدى» دەپ ۋارقىرايـتتى. بـۇنى
كۆرگەندە كىشىنىڭ كۆڭلى بىئا-
رام بولماي قالمايتتى.

ئېرى، بالىسى بىلەن ھازىرـ
غىچە بىرگە ئۆتۈۋاتقان لى دا تېخى
ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىدى.
ئۇنىڭغا يەر بۆلۈپ بېرىلمـىدى،
پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسىگە
خىلاپ تۇغۇلغان بالىسـىنى 1200
يۈەن جەرىمانە تۆلىگەندىن كېيىن
نوپۇسقا ئالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭغىمۇ يەر بېرىلمىدى. بۇ ئا-
ئىلىدىكى ئۈچ كىشى بىـر كىـ
شىلىك ئېتىزدا تېرىقچىلىق قىـ
لىدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشى بەكـ
مۇ قىيىن، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇنـ
داق ئائىلىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىـ
كەنلىكىنى بىلگەچكە، دائىم ئەنـ
سىزچىلىك ئىچىدە يۈرىدۇ. بىـ
راق، ئۇلارنى ھېچنەرسە ئايرىۋې-
تەلمەيدۇ، ئۇلار بىـر ـ بىـرىدىن
ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدۇ. لى دا بىر
كۈنلەردە بۇ ئائىلىنىڭ قانۇنلـۇق
ئىگىسى بولۇشنى ئويلايدۇ، ھەتتا
چۈشىدىمۇ شۇنى كۆرىدۇ.

نەبىجان ئىبراھىم (ت)







# دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

زۇلپىيە، زۆھرەگۈل



يولداش جياڭ زېمىن 15 ـ قۇرۇلتايدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق كۆرسەتتى: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز، كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشىنى، قانۇن ئىزىغا سېلىنىشىنى پەيدىن ـ پەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ، دېگەن سۆز». دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر نامايەندە.

1. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي مەسىلە توغرىسىدا

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى. شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى خەلق. كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدۇ. بەزى يولداشلار، خەلق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى ھەم دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى، دەپ قارايدۇ. خەلق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى



بولىدۇ، دەپ قاراش بىر خىل تونۇش جەھەتتىكى مۇجىمەللىك. خەلق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى ئەمەس، پەقەت دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، خەلق دېگىنىمىز سىياسىي ئۇقۇم، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ، ھازىرقى باسقۇچتا خەلق بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. خەلق بىلەن پۇقرا ئىككىسى ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇم. پۇقرا مەلۇم دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە شەخسنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى تۈپەيلىدىن جىنايى جازاغا تارتىلسا، ئۇنى تۈزەشنىڭ ئوبيېكتى قىلىشقا بولمايدۇ. جىنايى جازانىڭ ئوبيېكتى ھەركەت بولۇپ، ھەرگىز ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق بىر توپ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىكى مەلۇم بىر شەخسنى خەلق دەپ چۈشىنىشكە ياكى ئالاھىدە خەلق دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز دۆلەت تەۋەلىكىدىن مەھرۇم بولمايدۇ، يەنىلا شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قانۇنىدا، جىنايەتچىلەر سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنمىغانلا بولسا ئۇلارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئۇلار يەنىلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسىدۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما، ئۇ، خەلق دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. خەلق يەنىلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئورگانلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان ھوقۇق خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن، ئۇلار خەلقنىڭ ھاۋالىسى بويىچە خەلقنىڭ

ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇنى پەقەت ھاۋالە قىلىش ۋە ھاۋالە قىلىنىش مۇناسىۋىتى دەپ قاراش كېرەك.

2. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى مەسىلىسى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى دېگەن نېمە؟ يولداش جياڭ زېمىن: «كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى «ئىشلارنى ئىدارە قىلىش» بولۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېگەنلىكتۇر. دۆلەت قانۇندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى باراۋەر ئاساستا تەڭشەپ، خەلق مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش، يەرلىكنىڭ ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ يەرلىك قورۇقچىلىقىنى يېڭىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى قانۇنىي يولدا نورمال يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ياخشى سوپەتلىك ئايلانمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇنلىشىشىنى بەيدىن - پەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى

دۆلىتىمىز قانۇنى پارتىيە ۋە خەلق ئىرادىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاساسىي قانۇندا: «بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەر ۋە ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلار چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخستە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ھوقۇقلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

مەلۇمكى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ. پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى بىرىنچىدىن، پارتىيە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى، تەشكىللىگۈچى، يولغا قويغۇچى، ئەمما بىۋاسىتە تۈزگۈچىسى ئەمەس. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى، پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت قانۇن يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە بولۇشى كېرەك، ھېچقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئالاھىدە ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، ئەمما پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا بىۋاسىتە تۈزىتىش كىرگۈزمەيدۇ. پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. پارتىيىنى خەلقنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان، قانۇننىڭ ئۈستىگە قويىدىغان، پارتىيىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى قانۇن دەپ بىلىدىغان، رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى قانۇن دەپ قارايدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قانۇن دەپ ھېسابلايدىغان، ھەتتا قانۇندىنمۇ مۇھىم بىلىدىغان خاھىشلار پارتىيە بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈپتىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى ناھايىتى زور، ئۇ ھوقۇقتىن ھالقىغانلىق بولۇپ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلار پەيدا بولۇشنىڭ مەنبەسى.

قانۇن ھەممىدىن مۇقەددەس دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزغاندىلا، «رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىك، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىك» نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.






ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

—بۈگۈن كېچە يەنە بىر تاكسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

—قانداق قاپ يۈرەك نېمىدۇ ئۇ؟

—ئاڭلىساق تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچىكەن.

—ئۇنىڭدا پارتلاتقۇچ باركەن دېيىشىدۇ؟

—جېنىدىن تويغان تەلۋە ئوخشىمامدۇ، ئۇ.

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جىنايەتچى ئوسمان تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىدە تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا مۇنار كەنتىدىن بىر تاكسى شوپۇرىنى بۇلاپ قېچىپ كېتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىدە يەنە ئىككى تاكسى شوپۇرىنى بۇلاش دېلوسى يۈز بېرىپ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇڭا كىشىلەر بۇ دېلونىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئىككى - ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كەلسىلا دېلو ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

1

بۇ يىل 22 ياشقا كىرگەن ئوسمان تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا مۇنار كەنتى 3 - مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان بولۇپ، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئاشپەزلىككە شاگىرتلىققا بەردى. ئۇ 1998 - يىل پىشقان ھۈنىرى، قورۇمىلىرىنىڭ تەملىكلىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ تۇرپان مېھمانخانىسى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رېستورانىغا ئىشقا چۈشتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھال - ئوقىتى ياخشىلىنىپ، خېلى ئوبدانلا ئىش ھەققىگە قانائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئوسمان 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رېستوران مولازىمەت پەشتاختىسىدىكى قىز س × ×نىڭ بىر تۇتام پۇلنى ئارتمىسىغا سېلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ كەچ سائەت 11 دە ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارتمىسىنىڭ قۇلۇپىنى قايرىپ، 3020 يۈەن نەق پۇل، س × ×سېلىپ قويغان بىر تال ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتە تال ئالتۇن ئۈزۈك، ئۈچ جۈپ ئالتۇن ھالقىنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتتى.

س × ×1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ شەھەر ئىچى ئوتتۇرا ئەترىتىگە دېلو مەلۇم قىلدى. رازۋېدكىچىلار دېلونى قوبۇل قىلىپ نەق مەيداننى ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ ئوسماننى جىنايەت گۇماندارى دەپ جەزىملەشتۈرۈپ، ئۇنى 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن «ئوغرىلىق جىنايىتى» بىلەن قولغا ئېلىپ بىر يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانىدى. تۈرمە رەھبەرلىكى ئوسماننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى تۈرمىنىڭ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئوسمان 1999 -يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاشخانىغا كۆكتات ئېلىپ كىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرمىدىن قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم تۇيمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئەتراپقا تەشنالىق بىلەن قارىدى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بىرگىنە تۇيۇلدى. ئەركىنلىك نېمىدېگەن سۆيۈملۈك. ئۇ ئەتراپىغا تويماي قاراپ كېتىۋېتىپ قانداق قىلىشى توغرىلىق ئويلاندى. ئۇ بۇلاڭچىلىق قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ، ھوسن تۈزۈتۈپ ئەركىن يۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ شۇ نىيەتتە ئۈدۈل ئىلگىرى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن بىر يىللىق



كېسىلىپ تۈرمىگە كىرگەن، ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئۆتكەن، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىككى ئايلىق كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ تۈرمىدىن چىققان تۇرپان شەھەر قارغۇجا يېزىسىدىكى ق × × نى ئىزدەپ باردى. ق× × ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئوسمان ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ق× × كە ئېيتىپ:

—پۇل بولسا ئىككى مىڭ يۈەن بېرىپ تۇرغىن، مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشسا ساڭا ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن،—دېدى، ق× × :

—ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن تۈرمىدىن يېڭىلا چىققاچقا مەندە پۇل نېمە قىلسۇن؟ مۇرتۇقلۇق ئە × ×تە پۇل بولۇشى مۇمكىن،—دېدى.

ئۇلار ئىككىسى تۇرپان شەھەر سىڭگىم يېزا مۇرتۇق مەھەللىسىدىكى دوستى ئە × ×نى ئىزدەپ بېرىپ پۇل سورىدى. ئە × ×ئۇلارغا:

—مەندە ئۇنچىلىك نەق پۇل يوق، مەن موتسىكلىتىمنى ساتماقچى، ئۇنى سېتىۋېتەلىسەم، پۇلنى جۈمە كۈنى ئاپىرىپ بېرىمەن،—دېدى.

ئۇلار كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى. ئوسمان ئاخشىمى ق× × كە:

—قورال تاپقىلى بولارمۇ؟ قورال تاپقىلى بولسا، بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۆپرەك پۇل تېپىپ بىراقلارغا بېرىپ ھۆسن ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ ئەركىن يۈرەتتىم،—دېدى.

—قورالنى تاپقىلى بولار،—دېدى ق× × .

—يېزاڭلاردىكى ساقچىلاردا قورال بارمۇ؟

—بىر ساقچى ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدا قورال بار ئىدى. بىر ساقچى بار، ئۇ ئۆتكەندە مېنى سوراق قىلغاندا قورالىنى كۆرگەن، ھازىرمۇ باردۇ.

—ئۇ ساقچى ھاراق ئىچەمدۇ؟

—ئىچىدۇ، نېمە قىلىسەن؟

—ئۇ ھاراق ئىچىپ ئۆيىگە ماڭغاندا كالىسىغا بىر كالتەك ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ قورالىنى تارتىۋالمايمىزمۇ؟ لېكىن، سېنىڭ ئوششاق بالىلىرىڭ بار ئىكەن، مەن سېنى بۇ ئىشقا ھەرگىز چېتىۋالمايمەن.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا ئوسمان بىلەن ق × ×ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرلتتى، ق × ×نىڭ 5 ياشلىق ئوغلى تاشقىرىدىن كىرىپ:

—ئاتا، ساقچىلار سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ،—دېدى.

ئوسمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئوسمان ق × ×تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەندە، ساقچىلار مېنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىمنى بىلىپ قاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ق × ×بىلەن خوشلاشمايلا ھويلىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ دۆلەت 312 ـ تاشيولىنىڭ قارغوجا بۆلۈكىگە كەلگەندە ساقچىلار مېنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىمنى بىلگەنىكەن، مېنى تۇتۇش ئۈچۈن جەزمەن يوللارنى قامال قىلىدۇ. مەن ماشىنىغا ئولتۇرسام ئۆزۈم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن، ياخشىسى، پىيادە كېتەي، دەپ ئويلاپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان سايلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي تۇرپان شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئوسمان كەچ سائەت 6 ئەتراپىدا 40 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى پىيادە يېرىپ، تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا بېلىقكۆل ئەترابىغا كېلىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدى. ئۇ تاماق يەۋېتىپ كىرا ئاپتوموبىلى بولاپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پىچاقنى سېتىۋالدى. ئوسمان تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ «شالى» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى كىرا قىلىپ تۇرپان شەھىرىنىڭ مەركىزي تۆت كوچىسىغا كەلدى. ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزگەچ ئۆزىنىڭ چامى يەتكۈدەك ئولجا ئىزدىدى، ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈشىگە، خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان بىر شوپۇرنىڭ قىزىل رەڭلىك «شالى» ماركىلىق تاكسىسىنى بۇلاشنى نىشان قىلىپ، شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ:

—مېنى مونارغا ئاپىرىپ قويغىن،—دېدى.

شوپۇر ئۇنى دېگەن يېرىگە ئېلىپ باردى. ئوسمان ۋاقىتنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى، قول سېلىش پەيتى ئەمەسلىكىنى بىلىپ يىكاپتىن چۈشۈپ، بىر نەچچە ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىنى ئايلىنىپ كېلىپ:

—مەن ئىزدىمىگەن كىشىلەر يوق ئىكەن، مېنى شەھەرگە ئاپىرىپ قويغىن، —دېدى.

شوپۇر ئوسماننىڭ يامان نىيىتىنى بىلمىگەچكە خاتىرجەم ھالدا:

—شەھەرنىڭ قەيېرىگە ئاپىرىپ قويىمەن؟—دەپ سورىدى.

—ھاراق ئىچىمەن، بىرەر ماگىزىننى بىلسەڭ شۇ يەرگە ئېلىپ بارغىن.

ئۇلار شەھەرگە كىرگەندە ئوسمان ھاراق ئىزدىگەن بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئوسمان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

—ئۆيۈم مونار مەھەللىسىدە، ئاپىرىپ قويساڭ كىرا ھەققىنى بىراقلا بېرىمەن،—دېدى.

ساددا شوپۇر ئوسماننى يەنە مۇنارغا ئېلىپ ماڭدى. مۇنارغا 200 مېتىردەك قالغاندا ئوسمان تۇيۇقسىز شوپۇرنىڭ بىقىنىغا پىچاق تىرەپ:

—ماشىنىنى توختات! جېنىڭغا تورلامسەن، ماشىناڭغا بىلەن پۇلۇڭغا تورامسەن؟—دەپ تەھدىت سالدى.



ئۆزىگە كېلۋاتقان بالا ـ قازادىن خەۋەرسىز ئولتۇرغان شوپۇر بۇ تويۇقسىز زەربىدىن قورقۇپ

ماشىنىنى توختۇتۇپ:

— ئالدىغىنىڭنى ئال، ماڭا رەھىم قىل، بالىلىرىم كىچىك! — دېگىنىچە 286 يۈەن پۇلنى بەردى. ئوسمان پۇلنى ئېلىۋېلىپ:

— ياۋاشلىق بىلەن قولۇڭنى كەينىڭگە قىل، بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن! — دەپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان تانا بىلەن شوپۇرنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ، يېنىنى ئاختۇرۇپ يەنە ئىككى دانە چاقىرغۇنى ئېلىۋالدى. ئىشنى ئوڭۇشلۇق بولۇپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوسمان شوپۇر بىلەن ئورۇن ئالمىشىپ، تاكسىنى ئۆزى موناردىنىڭ ئۇچ كېلومېتىر جەنۇبىغا ھەيدەپ بېرىپ شوپۇرنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆرۈك دەرىخىگە باغلاپ قويۇپ تاكسىنى ھەيدەپ كەتتى. ئۇ توقسۇن ۋە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئېتىز يوللىرى بىلەن تۇرپان شەھەر، ئايدىڭكۆل يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ توقسۇن ناھىيىسىگە يۈرالدى.

ئوسمان 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سەھەر ماشىنىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچى ناھىيىسى نەنسەن كان رايونىغا يېتىپ باردى. ئۇ شوپۇرلۇق تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ماشىنىنى بۇزۇپ قويدى، ئۇ ماشىنىنى بىر رېمونتخانىغا ئېلىپ بېرىپ، رېمونت قىلدۇرۇۋاتقاندا بىر نەچچە ئادەم:

— بۇ بويلۇقلۇق توڭگاننىڭ ماشىنىسىغۇ، — دېيىشتى.

ئوسمان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ماشىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ توقسۇن بازىرىغا ماشىنا كىرا قىلدى ۋە ئۇ يەردىن تۇرپان شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئوسمان شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ تەكلىكىدە مۈكۈنۈپ ياتتى. كەچ كىرگەندە يەنە ئۇۋىسىدىن چىققان لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شۇ يەردە بىر ئاز تۇرۇپ، «تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول» دېيىلگەن، بەربىر بۇلاڭچى بولدۇم، دەپ ئويلاپ خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان، جەۋەك كەلگەن بىر خۇيزۇ شوپۇرنىڭ قىزىل رەڭلىك «شالى» ماركىلىق تاكسىسىغا چىقىپ:

— مېنى بۇلاققا ئاپىرىپ قويغىن، — دېدى.

شوپۇر ئوسماننى ئېلىپ تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا بۇلاق مەھەللىسىگە ماڭدى. ئۇلار بۇلاق مەھەللىسىگە ئاز قالغاندا ئوسماننىڭ نىيىتىدىن بىخەۋەر شوپۇر:

— چوڭ يول بەك ئەسكى، سىزنى يېقىن ئېتىز يولى بىلەن ئاپىرىپ قوياي، — دەپ تاكسىنى ئېتىز يولىغا بۇرىدى. نەدە قول سېلىشنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا بۇ ئىش ئوسماننىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. تاكسى ئېتىز يولىدا يۈز مېتىردەك مېڭىشىغا ئوسمان پىچاقنى شوپۇرغا تەڭلەپ:



— جېنىڭغا تۆزلىسەن ياكى ماشىناڭغا تورلىسەن؟ — دەپ تەھدىت سالدى. شوپۇر بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن چۆچۈپ، ئوسماننىڭ قولىدىكى بىسى پارقىراپ تۇرغان شەمشەرنى كۆرۈپ ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— بولىدۇ، ماشىنامنى ئال، بىراق ماڭا چىقىلما، — دېدى.

— پۇللىرىڭنى چىقىرىپ قولۇڭنى كەينىڭگە قىل.

شوپۇر يېنىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئوسمانغا بېرىپ قولىنى كەينىگە قىلىپ تۇردى. ئوسمان ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ يېنىنى ئاختۇرۇپ، يانفونىنى ئېلىۋېلىپ:

— ماشىنىدىن چۈش، ئورۇن ئالمىشىمىز، — دېدى.

شوپۇر تاكسىدىن چۈشتى، ئوسمان ئورۇن ئالماشتى، شوپۇر تاكسىغا چىقماي پۇرسەت تېپىپ قاچتى، ئوسمان تاكسى بىلەن شوپۇرنى قوغلاپ تۇتماقچى بولدى. بىراق، تاكسى ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. ئوسمان ھەر قانچە قىلىپمۇ تاكسىنى ئازگالدىن چىقىرالمىدى. شوپۇر قېچىپ قۇتۇلدى.

ئوسمان شوپۇرنىڭ تاكسىغا سېلىپ قويغان چاپىنىنى كىيىپ يانچۇقىدىن يەنە بىرمۇنچە پۇلنى ئېلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئوسماننىڭ شوپۇردىن بۇلىۋالغان پۇلى 700 يۈەن بولدى. ئوسمان تاكسىنى ئازگالدىن چىقىرىش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە ھەپىلىشىپ، ئىلاج قىلالماي ئۇنى شۇيەردە تاشلاپ قويۇپ چوڭ يول بويىغا چىقتى ـ دە، يەنەبىر تاكسى كىرا قىلىپ تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەتكە كېلىپ چۈشتى. ئۇ يەنە تاكسى بۇلاش مەقسىتىدە بىر «شالى» ماركىلىق تاكسىنى توسۇپ شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— مېنى بۈيلۈققا ئاپىرىپ كەلگىن، — دېدى.

تاكسى بۈيلۈققا يېتىپ كەلگەندە ئوسمان تاكسى ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىر نەچچە ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ قويۇپ:

— مەن قىزدوستۇمنىڭ ئۆيىنى تاپالمىدىم، مېنىڭ ئۆيۈم ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ تۆۋىنىدە، ئاپىرىپ قوي، — دېدى.

شوپۇر تاكسىنى كەينىگە قايتۇردى. تاكسى ئۈزۈمچىلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۆتۈپ كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئوسمان بىر تار كوچىنى كۆرسىتىپ:

— ئۆيۈم مۇشۇ كوچىنىڭ بېشىدا، تاكسىنى بۇرا، — دەپ شوپۇرنى بىر تار كوچىغا باشلىدى. شوپۇر ئۇ كۆرسەتكەن كوچىغا كىرىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بۇ كوچىدىن تاكسى ماڭالمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئوسماندىن گۇمانلىنىپ تاكسىنى توختاتتى:

— مەن ئەمدى ھەيدىيەلمەيمەن، كىرا ھەققىمنى بېرىۋەتكىن، — دېدى. ئوسمان:

— چىرىغىڭنى ياندۇر، — دېدى.

شوپۇر چىراغنى ياندۇرغاچ ئوسمانغا ئۆيلىماي، تاكسى ئىشىكىنىڭ يېنىغا سېلىپ قويغان ئەتۈەركىنى ئې-

لىپ نەبيارلىق كۆرۈپ قويدى. ئوسمان چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىنى ئىزدەپ پۇل تاپالماي، كېيىنى يانچۇقىنى ئىزدىگەن بولۇپ، قولىنى پىچاققا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ئولتۇرغان شوپۇر چاققانلىق بىلەن ئەتۆيركىنى ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە تىرىدى ۋە ئوسمانغا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىدى. ئوسمان پىچىقىنى غىلاپىدىن چىقىرىشقا تەمشىلىپ:

— مەن جىنىمدىن تويغان ئادەم، گېپىمگە كىرمىسەڭ بوغۇزلۇۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى. شوپۇر ئەتۆيركىنى ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە كۈچەپ ئىتتىرىپ:

— سەن پىچاقنى چىقارغىچە مەن ئەتۆيركىنى تىقىۋېتىمەن، — دېدى. ئوسمان جىمىپ قالدى، شوپۇر ئۇنىڭ دىلغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

— سەن ياش، موسۇلمان ئىكەنسەن، رامىزان كۈنلىرىدە مۇشۇنداق يامان ئىشلارنى قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟! — دېدى.

ئوسمان سەل بوشاپ:

— ئەتۆيركىنى يىغىشتۇرساڭ، — دېدى.

— سەن ئاۋۋال قولۇڭدىكى پىچاقنى يىغىشتۇر!

ئوسمان قولىنى پىچاقتىن بوشاتتى، شوپۇر ئەتۆيركىنى تارتتى. دەل شۇ پەيتتە ئوسمان تاكسىدىن چۈشۈپ قاچتى. ئۇ شۇ كېچىسى يەنە تەكلىكىگە بېرىپ چۈنجىگە يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

ئوسمان ئىككى كېچىدە ئۈچ تاكسىنى بۇلاپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەي تۇرپان شەھىرىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى داخىيەن بازىرىغا پىيادە باردى. ئۇ داخىيەن بازىرىدا ساقچىلارنىڭ يوپىزغا چىقىۋچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يوپىزغا چىقىپ قېچىپ كېتىش پۇرسىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كېملىكى يوق ئىدى. ئوتتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە پىيادە چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ 20 نان، بولكا، ئالما، گازىر، مېنېرال سۇ سېتىۋالدى.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆمۈريولنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە قاراپ مېڭىپ 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىرقۇر كىيىم سېتىۋېلىپ، ئۇستىدىكى مەھبۇسلۇق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ، دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر كېچىلىك سىڭالغۇ قويۇش مەيدانىغا كىرىپ پاناھلاندى. . .

2

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچقۇرۇن تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تۈرمىسىدىكى كادىر ـ ساقچىلار ئوسماننىڭ تۈرمىدە يوقلۇقىنى سېزىپ ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ھېچكىم بىلمىدى، شۇڭا ئوسماننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ دەرھال شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە دوكلات قىلدى. ئىدارە رەھبەرلىكى ئوسماننىڭ تۈرمىدىن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنى دېلونى تېزدىن تەكشۈرۈپ، جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ موئاۋىن باشلىقى مۇختەر ئىبراھىم بۇ جىددىي، ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ دەرھال ھەرقايسى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ دېلودىن خەۋەردار قىلىپ:

— جىنايەتچى ئوسمان مەلۇم مەقسەت بىلەن تۈرمىدىن قاچقان بولۇشى مۇمكىن، بىز جىنايەتچىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك! — دەپ تەكشۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ، 5 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ئالىم سېيت، 3 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ئابدۇشەھىت، ئادىل ئىبراھىم قاتارلىق ماھىر، چەۋەر رازۋېدكىچىلارنى مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش، قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىدى. مۇختەر ئىبراھىم تەكشۈرۈش لايىھىسىگە ئاساسەن مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلارنى يەنە ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىدى: 1 ـ گۇرۇپپىنى قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەشكە، 2 ـ گۇرۇپپىنى جىنايەتچىنىڭ دوستلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەشكە، 3 ـ گۇرۇپپىنى تۈرمىگە بېرىپ جىنايەتچى بىلەن بىرگە قامالغان جىنايەتچىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

مۇختەر ئىبراھىم ئۆزى 3 ـ گۇرۇپپىنى باشلاپ تۈرمىگە بېرىپ، ئوسمانغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتچىلەردىن ئەھۋال ئىگىلىدى. دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە، ئوسماننىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى ئۆتىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ ئالالىسىمۇ ئەھۋالنى بايقىمىدى. 1 ـ، 2 ـ گۇرۇپپىدىكى رازۋېدكىچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىنمۇ ئېنىق نەتىجە چىقمىدى.

ئىدارە رەھبەرلىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن «يول ئېغىزلىرىغا توساق قۇرۇپ، قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار» دەپ يوليورۇق بېرىپ، ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ تەكشۈرۈشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن، تەكشۈرۈشتىن نەتىجە چىقمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دېلو تەكشۈرۈشتە ئىلگىرىلەش بولمىدى. مۇختەر ئىبراھىم مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلارنى ئىلگىرىكى خىزمەت تەفسىماتى بويىچە ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى يېزا، بازارلىق ساقچىخانىلارغا قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، كەڭ دائىرىدە تور يېيىپ، جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈشكە يېقىندىن



ماسلىششنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە پىچان، توقسۇن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتۇشقا ھەمدەم

بولۇشنى ھاۋالە قىلدى. مۇختەر ئىبراھىم تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، يەنە بىر گۇرۇپپا رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ تۈرمىگە بېرىپ جىنايەتچىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇلا- رغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، قا- نۇننى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىرى:

— ئوسمان 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۈرمىدىن ئىككى ئايلىق كەچۈرۈم بىلەن قويۇپ بېرىلگەن قارغوجا يېزىسى- دىكى ق × ×بىلەن ئالاھىدە ياخشى ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە يېقىن، —دېدى.

مۇختەر ئىبراھىم قارغوجا يېزا ساقچىخانىسىغا ق× × نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشنى ئۇقتۇردى. ق × ×ئوسماننى يوشۇرۇپ خەۋىرىنى بەرمىدى، ساقچىخانىدىكىلەر ئەھۋال- نى موختەر ئىبراھىمغا دوكلات قىلدى. دوكلاتنى ئاڭلاپ:

—ق × ×يالغان سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ق× × بىلەن ئوسماننىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ئىكەن، سىلەر ق× ×نى نازارەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇڭلار، —دېدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سەھەر مەخسۇس دېلو تەك- شۈرۈش ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلار كېچىلىك تەكشۈ- رۈشتىن قايتىپ، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى مۇختەر ئىبراھىم- غا دوكلات قىلىۋاتقاندا بىر خوٌيزۇ كىرىپ:

—مەن ي× × ، تاكسى شوپۇرى، كېچە بىرى ماڭا پە- چاق تەڭلەپ پۇلۇمنى، تاكسىيىمنى بۇلاپ، مېنى ئۆرۈك دەرىخىگە باغلىۋېتىپ قېچىپ كەتتى ، —دەپ دېلو مەلۇم قىلدى.

مۇختەر ئىبراھىم دېلودىن خاتىرە قالدۇرۇپ:

—سەن بۇلاڭچىنىڭ چىرايى، تەققى ـ تۇرقىنى ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟ —دەپ سورىدى.

— كۆردۈم، ئۇنىڭ كۆزى چوڭ، يۈزى كەڭ، ئېگىكى تار، چېچىنى ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغانىكەن. ئۇ ياۋاشتەك كۆ- رۈنىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كېتىپتىمەن.

مۇختەر ئىبراھىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن بۇ دېلونى قاچقۇن ئوسماننىڭ سادىر قىلغانلىقىنى جەزىم- لەشتۈرۈپ شوپۇرغا ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ سۈرەتكە سەپ سېلىپ:

—دەل شۇ، ئۇنىڭ تاكسى بۇلىغانلىقىنى قانداق بى- لىسىلەر؟ —دەپ ھەيران قالدى.

ئىدارە رەھبەرلىكى بۇ دېلوغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش- نى ئورۇنلاشتۇردى. مۇختەر ئىبراھىم ئىدارە رەھبەرلىكى- نىڭ تەلىپى بويىچە مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كۈنلۈزى كەڭ ئاممىدىن ئەھۋال ئى- گىلەشكە ئەھمىيەت بەرسە، كېچىسى يول ئېغىزلىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رازۋېدكىچىلار كې- چىلىك تەكشۈرۈشتىن قايتىپ كېلىپ تەكشۈ- رۈش ئەھۋالىنى مۇختەر ئىبراھىمغا دوكلات



قىلىۋاتقاندا بىرى كىرىپ:

—مەن ما× × ، ئاخشام بىر بۇلاڭچى تاكسىيىمنى بۇلاپ كەتتى، —دەپ دېلو مەلۇم قىلىپ تۇرۇشىغا يەنە بىرى كىرىپ:

—مەن تاكسى شوپۇرى، كېچە بىر بۇلاڭچى تاكسى- يىمنى بۇلىماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، —دەپ بولغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. رازۋېدكىچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىنى- كاسلىرىنى ئاڭلاپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۇسۇلى، قوللان- غان ۋاستىلىرىگە ئاساسەن، بۇ ئىككى بۇلاڭچىلىق دېلو- سىنى بىر جىنايەت گۇماندارى ئوسماننىڭ سادىر قىلغان- لىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئۇلا- ر: «جىنايەتچى ئىككى تاكسىنى بۇلىغانىكەن، دېمەك، تۇرپاندىن سىرتقا چىقىپ كەتتى» دەپ پەرەز قىلىپ، پە- چان، توقسۇن ناھىيىلىرىگە تەكشۈرۈشكە باردى. تەكشۈ- رۈش شۇنچە ئىنچىكە، ئەترىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ بىرەر يىپ ئۇچى ياكى جىنايەتچىنى كۆرگەن بى- رەر ئادەم تېپىلمىدى. جىنايەتچىنىڭ دېلو سادىر قىلغۇچە پەيدا بولۇپ، دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن ھېچ بىر ئادەم- نىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىقى ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇلاتتى.

تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرى بۇ دېلو- نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن كەڭ دائىرىدە تور يې- يىش، مۇھىم نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىنچىكە نۇقتىلارنى قېزىپ چىقىش ئۈچۈن جىنايى ئىشلار رازۋېدكا 6 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىتىپ قادىر، رازۋېد- كىچى ئەنۋەر خوجىلارنى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۈرۈم- چىگە ئەھۋال ئىگىلەشكە چىقاردى. چۈنكى ئابلىتىپ قا- دىر ئىلگىرى ئوسماننىڭ ئوغرىلىق دېلوسىنى ئىشلە- گەندە ئوسماندىن زاڭ مال ئالغانلارنى، دوستلىرىنى تو- نۇيتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئابلىتىپ قادىر موختەر ئىبراھىمغا تېلېفون بېرىپ:

—ئوسماننى ئۈرۈمچىدە ئېنىق كۆرگەنلەر بار ئىكەن. دەرھال كۈچ تەشكىللەپ چىقىڭ، —دەپ خەۋەر بەردى.

قاچقۇن جىنايەتچى ئوسماننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىكەنلىكى جەزىملەشتى. مۇختەر ئىبراھىم مەخسۇس دې- لو تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ دەر- ھال ئۈرۈمچىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئابلىتىپ قا- دىر، ئەنۋەر خوجىلار بىلەن ئۇچرىشىپ دېلو ئۈستىدە ئازراق پاراڭلاشتى. ئابلىتىپ قادىر ئىگىلىگەن ئەھۋاللىر- نى دوكلات قىلىپ:

—ئوسماننىڭ «قىزىلبايراق» سودا بازىرى ئەتراپىدا تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن ئادەم بار، —دېدى.

ئۇلار پىكىردە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ «قىزىلبايراق» سودا سارىيى، سىنشى- خاڭزا، دۆڭكۆۋرۈك ئەترابىدىكى شەخسىي مېھمانسارا،

ئاشخانا، رېستوران، ماگىزىن، سىنقويغۇ سورۇنلىرىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر ئاشخانا خوجايىنى ئوسماننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ:

—بۇ بالا ئەتىگەندە تاماق يەپ چىقىپ كەتتى، — دېدى. بۇ گەپ ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئاساسقا ئىگە قىلدى. رازۋېدكىچىلار ئۈمىد ئىشەنچ بىلەن تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇچرالشقاندا كېچە ئۈرۈمچى ۋاقتى 1 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاققا كىرگەن بولسىمۇ ئارام ئالماي، دېلونىڭ ئەھۋالى، جىنايەتچىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

1-ئاينىڭ 7-كۈنى، روزى ھېيت ھارپىسى دېلو گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرۋۇلتقاندا، مۇختەر ئىبراھىمنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى، ئۇ چاقىرغۇسىغا قاراپ تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ شىدۇڭغا تېلېفون بەردى. ۋاڭ شىدۇڭ:

—سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئىككى سائەتكىچە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىمەن، —دېدى.

ۋاڭ شىدۇڭ دېگەن قەرەللە ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، رازۋېدكىچىلاردىن ئەھۋال سوراپ، دېلونىڭ تەرەققىياتىنى ئىگىلەپ، دەرھال ج خ نازارىتىگە بېرىپ، نازارەت رەھبەرلىرىگە دېلو ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. نازارەت رەھبەرلىرى دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن چىققان رازۋېدكىچىلارغا ماسلىشىپ قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ج خ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈش دائىرىسىگە ئاساسەن تيانشان رايونلۇق شۆبە ج خ ئىدارىسى، سايباغ رايونلۇق شۆبە ج خ ئىدارىسىگە ماسلىشىپ تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئادەم ۋە ئاپتوموبىل ئاجراتتى. ئۈچ تەرەپنىڭ رازۋېدكىچىلىرى 7 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تۆت سائەت ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. لېكىن، دېلودا ئىلگىرىلەش بولمىدى.

ۋاڭ شىدۇڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاڭلاپ مۇختەر ئىبراھىمغا:

—سىز بىزنىڭ ئادەملەرنى يىغىپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىڭ. 1-گۇرۇپپا تيانشان رايونلۇق شۆبە ج خ ئىدارىسىگە، 2-گۇرۇپپا سايباغ رايونلۇق شۆبە ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسۇن، —دەپ ئورۇنلاشتۇردى.

مۇختەر ئىبراھىم رازۋېدكىچىلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئالىم سىيت، ئابلىتىپ قادىر قاتارلىق يەتتە يولداشنى سايباغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىگە ئەۋەتتى، ئۆزى بەش رازۋېدكىچىنى باشلاپ تيانشان رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىگە بېرىپ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئازات بىلەن ئالاقىلاشتى. ئازات:

—جىنايەتچى كۈندۈزى سىرتتا پاناھلىنىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ، كەچ كىرسە تاشقىرىدا يوشۇرۇنۇش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ، شۇ چاغدا نۇقتىلىق جايلارنى تەكشۈرۈشكە سىلەرگە ياردەملىشەيلى، —دەپ رازۋېدكىچىلارنى يىغدى.

ئۇلار تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ دۆڭكۆۋرۈك ساقچىخانىسى ئەتراپىغا كەلگەندە ئالىم سىيت يانفوندا:

—بىز سايباغ رايونى تەۋەسىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلارنى تەكشۈرۈپ بولدۇق، بىراق ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق، —دەپ دوكلات قىلدى.

مۇختەر ئىبراھىم ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار دۆڭكۆۋرۈك ساقچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى. شۇ يەردە 16 رازۋېدكىچى يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى، ئابدۇشىھىت، ئابلىكىم قاتارلىق رازۋېدكىچىلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ 2-دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى شەخسىي مېھمانسارايى، كېچىلىك سىنقويغۇ سورۇنلىرىنى تەكشۈرۈشكە ماڭدى.

مۇختەر ئىبراھىم، ئالىم سىيت، ئابلىتىپ قادىر، ئالىم ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ تيانشان رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىدىكى ئابلا ئالىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىكى نۇقتىلىق سورۇنلارنى تەكشۈردى. ئۇلار تەكشۈرۈپ بىر تار كوچىغا كەلگەندە ئابلا ئالىم:

—مۇشۇ تار كوچىنىڭ ئاخىرىدا بىر كېچىلىك سىنقويغۇ قويۇش ئورنى بار، —دەپ ئۇ سورۇننى كۆرسەتتى.

ئۇ يەردە سىنئالغۇ فىلىمىنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. ئالىم ئابدۇرېھىم، ئالىم سىيت سىنقويغۇ زالىغا كىردى. ئۇلار ئورۇندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تەرەپنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ماڭدى. ئالىم ئابدۇرېھىم ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ يېتىپ فىلىم كۆرۈۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپ دىققەت بىلەن قارىدى، ئۇ ئادەمنىڭ دەل قاچقۇن جىنايەتچى ئوسمان ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى-دە، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تاشلاندى:

—ئالىم ئاكا، ئوسمان بۇ يەردە ئىكەن! —دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئوسمانغا تاشلاندى. ئالىم سىيت سەكرەپ بېرىپ ئوسماننى تۇتتى. باشقا رازۋېدكىچىلارمۇ تېزلىكتە بېرىپ ئوسماننى ئارىغا ئالدى. ئوسمان قارشىلىق كۆرسىتىپ تىپىرلاپ باققان بولسىمۇ ماجالى يەتمەي باسماققا چۈشكەن چاشقاندەك جىمىپ قالدى. ئوسمان قولغا چۈشتى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى رازۋېدكىچىلار جىنايەتچى ئوسماننى 2000-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى تۇرپانغا يالاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنى ۋەھىمىگە سالغان قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ





# ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق قاچقۇن دوستى

(پوۋېست)

شياۋچېن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

گاۋشىن ئۇنىڭ كاسسىسىغا ئاچچىقى بىلەن بىرنى تەپتى — دە: «ھۇ، قانجۇقنىڭ بالىسى! ئەگەر ھە دېگەندىلا راست گەپنى قىلغان بولساڭ، ئۇ ئەبلەخنىڭ قولىغا ئاللىقاچان كويزا سېلىنغان بولاتتى!» دېدى.

بىر قاراماتاق ئەركەك ئوتلاقتا قوي بېقىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئىچى پۇشقاندەك ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئەجەپ تاتلىق قومۇل قوغۇنى،
چۆلنىڭ مودەنگۈلى خوش پۇراق.
ئىچىم كۆيەر يارنى ئەسلىسەم،
جانغا تەگدى بويتاق ياشىماق...

يىراقتىن بۇ ياققا بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى، ئەمما پادىچى ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا ئۇنى كۆرمىدى - دە، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بوش ئاۋازدا:

— ھەي، لى ئېلىپقاچار! — دېدى.

پادىچى شۇندىلا ئۇنى كۆردى - دە، ھەيرانلىقتا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. خۇددى جىننى كۆرگەندەك، چىرايى تاتىرىپ، زۇۋانى تۇتۇلدى، ئاندىن بەزگەكتەك تىترىدى.

ھېلىقى ئادەم ئاق قوناق شېخىدەك ئورۇق ئىدى، يۈزىنى ساقال باسقاچقا، نەچچە ياشلارغا كىرگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار ئاشۇ تۇرغان يېتى پاراڭغا چۈشتى. ئوتلاقتا شامالنىڭ خېلىلا كۈچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بىر ئازدىن كېيىن پادىچى ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ، ھېلىقى ئادەمنى سوكسوك ئوتۇنى دۆۋىلەپ قويۇلغان بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ باردى، ئۇلار ئولتۇرۇشتى، ئەمدى ئۇلارنى كۆرگىلى بولمىدى.

كەچقۇرۇن لى ئېلىپقاچار قويلىرىنى ھەيدەپ قايتقاندا، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي، لى ئېلىپقاچار، بۈگۈن بەك كەچ قايتتىڭ، بىرەر «قىرغاۋۇل» نىڭ قېشىغا باردىڭمۇ نېمە؟ — دېيىشتى.

لى ئېلىپقاچار قوتان ئىشىكىنى تاقاۋېتىپ:

— ھەي... چاقچاق قىلماڭلار. يېقىن ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەر ئازىيىپ كەتتى، قويلارنى يىراقراق ئاپىرىپ باقتىم، قاراڭلار، قويلارنىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ كەتكىنىنى! — دېدى. ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان ھېلىقى كىشى:

— تېز ئۆيۈڭگە قايت، بىرەيلەن سېنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى.

— بىرەيلەن ساقلاۋاتىدۇ؟ كىم؟ — لى ئېلىپقاچار ئەجەپلەندى.

ئۇ يىراقتىنلا ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئارىسىدىكى مەيدان قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى يولداش جاڭنى ئۇ تونۇيتتى، قالغان ئىككەيلەننى تونۇمايتتى. ئىختىيارسىزلا لى ئېلىپقاچارنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ نائىلاج بېشىنى سالغان ھالدا ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى — دە، كۈلگەن بولۇپ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

— لاۋلى، مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى جاڭ، — بۇ كىشى ج خ ئىدارىسىدىن كەلگەن يولداش گاۋشىن، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى سەپدىشى. ئۇلار سىزنى يوقلاپ كەپتۇ.

لى ئېلىپقاچار دەرھاللا قول پۇلاڭلىتىپ:

— كۆپتىن كۆپ رەھمەت، كايىشىپلا، بىراق مېنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق ئىدى، — دېدى.

گاۋشىن ئۇنىڭغا قارىدى، بىر قاراپلا ئۇنىڭ بىر جاپاكەش ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۆل - باياۋاننىڭ ئا-



پىتى ۋە شاماللىرى ئۇنىڭ چىرايىنى قارايتىۋەتكەنىدى، قورۇقلارنىڭ چوڭقۇرى ـ ئاپتاپ چۈشمەيدىغان يەرلەر ئاق، قالغان يەرلەر خۇددى ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ يۈزىدەك قارا بولۇپ، تولىمۇ بىچارە ۋە كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى.

گاۋشىن سومكىسىدىن تەبيار چۈپ ۋە تاۋا توقۇچى ئېلىپ:

—تېخى تاماق يېمىگەنسىز. بۇ يەردە تەبيار نەرسىلەر بار، سىز قايناقسۇ تەييارلاڭ، بىز بىرلىكتە تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى، —دېدى.

لى ئېلىپقاچار خۇددى چۈچۈگەك قۇشتەك:

—بۇ...بۇ...سەت ئىش بولدى...—دېدى. ئۇ تەييار چۈپلەرگە قايناقسۇ قۇيۇۋاتقاندا قوللىرى تىترەپ، قايناقسۇنى شىرەگە تۆكۈۋەتتى. يولداش جاڭ:

—لى ئېلىپقاچار، ج خ ئىدارىسىدىن كەلگەن يولداشلار سىزدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقماقچى، راست گەپ قىلىڭ، ھەرگىز يوشۇرماڭ، —دېدى.

لى ئېلىپقاچار ئاغزىغا بىر بۇردا تاۋا توقچى سېلىۋالغاچقا، ناتېنىقلا ھالدا:

—شۇنداق، شۇنداق...—دېدى.

ئۇ ھە دېگەندىلا ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە ناھايىتى راۋان جاۋاب بەردى. بىراق، ماھىيەتلىك مەسىلىگە كەلگەندە ماسلاشمىدى.

—سىز خەي دازىنى تونۇمسىز؟—سورىدى گاۋشىن. لى ئېلىپقاچار ئاشنى بىر ئوتلاپ قېقىلىپ كەتتى.

—ئۇ، ئۇ تۇتۇلغان، تۈرمىدە ئىدىغۇ؟—دېدى ئۇ.

—ئۇ سىزنى ئىزدەپ كەلدىمۇ ـ يوق؟—گاۋشىن ئۇنىڭغا مىقتەك قادالدى. لى ئېلىپقاچار ئۇۋۇلچىلىقتا ئۇچراۋاتقاندەك ۋىلىساشقا باشلىدى:

—يولداش جاڭ، سىز بىر نېمە دەڭە...مەن ئىشىكتىن چىقسام بىر توپ قوي بىلەن بىللە بولىمەن، ئىشىكتىن كىرسەم يالغۇز ـ يىگانىمەن. مېنىڭ بۇ ئۆيۈمدە چاشقاندىن باشقا جانلىق نەرسەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بىر قاچقۇن تۇرسا، يوشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالامدىمەن؟

—لى ئېلىپقاچار، —دېدى يولداش جاڭ، —سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېلو سادىر قىلغان. سىز تەشەببۇسكار بولغاچقا، ئۇ قولغا ئېلىنغان، جازالانغان. ئۇ بۇ نۆۋەت قېچىپ چىققانىكەن، سىزنى ئىزدەپ كېلىپ كونا ھېساباتىنى قىلماي قالارمۇ؟ بۇ يولداشلارنىڭ سورىشى سىزنى قوغداش ئۈچۈن! سىز كالتا پەملىك قىلغان، يەنە كالتا پەملىك قىلسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ!

لى ئېلىپقاچار جىمىپ قالدى.

گاۋشىن زودۇڭدۇڭ بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋالدى-دە:

—لاۋلى، ناۋادا سىز، ئۇ بۇ يەرگە زادىلا كەلمىدى، دەپ تۇرىۋالسىڭىز، ئۇنداقتا، بۈگۈنكى پارىڭىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! —دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە بىر نەچچە قەدەمدىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلدى، —بىراق، بىر نەرسىنى چۈشىنىپ قويۇڭكى، ئۇ بەربىر قېچىپ كېتەلمەيدۇ. بىز ئۇنى تۇتقاندا، ئۇ سىزنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتسا، ئىش سىزگە مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. ئەمما، سىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، ئۇ ھالدا ئاقىۋىتىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ!

—ئۇ چاغدا كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىللە قىلىمىز، —دەپ قوشۇمچە قىلدى زو دۇڭدۇڭ.

لى ئېلىپقاچارنىڭ كاللىسى ئۇماچتەك ئېلىشىپ كەتتى.

گاۋشىن كېچىچە ئۇخلىمىدى. بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى ناھايىتى يامان ئىدى. ئادەمنى پاشىدىنمۇ بەك قىينايدىغىنى گاۋشىن بىلەن خەي دازى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.

يۈز يۇيۇۋاتقاندا، زودۇڭدۇڭ گاۋشىندىن سورىدى:

—رازۋېدكىچىلار باشلىقى، سىزنىڭچە خەي دازى لى ئېلىپقاچارنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلەرمۇ؟

—مېنىڭچە، لى ئېلىپقاچارنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، بۇ بىردىنبىر يىپ ئۇچى. يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال دېگەندەك، تۇتۇشقاندىن كېيىن بىر نېمە دېمەيمىزمۇ، —دېدى گاۋشىن. زودۇڭدۇڭ كۈلۈپ:

—تۈنۈگۈن ئاخشام قايتاردا دېگەن گەپلىرىمىز تۈپەيلى لى ئېلىپقاچار كېچىچە ئۇخلىماي چىقتىمۇ، —دېدى.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا يولداش جاڭ كىرىپ كەلدى:

—خۇشخەۋەر، لى ئېلىپقاچار تاپشۇردى!

—راستمۇ؟—گاۋشىن ۋە زودۇڭدۇڭ ئۇنى ئورىۋالدى، —ئۇ تاپشۇردىمۇ؟

—بۈگۈن تاڭ ئاتماستىنلا ئۇ قېشىمغا كەلدى، —دېدى يولداش جاڭ، —كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كېتىپتۇ.

گاۋشىن خۇشاللىقىدا بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەپكېلىپ:

—قېنى، قېنى، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، —دېدى.

يولداش جاڭ ئولتۇردى. ئۇ زودۇڭدۇڭ يېڭىلا دەملەپ سۇنغان چاينى قولىغا ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

—بۇ ئەبلەخ كېچىچە ئۇخلىمىغان،



كەسكىن ئىدىيۋى كۆرەشنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇخشايدۇ. ئۇ مەن ساقچىلارغا يۈز كېلەلمەيمەن، ھۆكۈمەتنى ئالدىدىم، ــــ دېدى.

زودۇگدۇك ئالدىراپ سورىدى:

ــــ ئۇنداقتا، خەيدازى ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن ــــ دە؟

ــــ ياق، ــــ دېدى يولداش جاڭ، ــــ ئەمما ئۇ جەزمەن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا، يىراققا كېتەلمەيدۇ، چۈنكى لى ئېلىپقاچار ئۇنى تۈنۈگۈن ئوتلاقتا كۆرگەن. ئۇ لى ئېلىپقاچارنى ئاز ـ تولا پارتلاتقۇچ دورا ۋە كاپسۇل تېپىپ بېرىشكە زورلىغان...

ــــ رازۋېدكىچىلار باشلىقى، بىزنىڭ دەسلەپكى تەھلىلىمىز توغرا بولغانىكەن. بۇ يەرگە بىكار كەلـمەپتۇق! ــــ دېدى زودۇگدۇك گاۋشىنغا قايىل بولۇپ ھۆرمەت بىلەن. گاۋشىن قول چايقاپ:

ــــ يۇرۇڭلار، ھازىرلاپ بېرىپ ئېلىپقاچارنى سوراق قىلايلى، ــــ دېدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان لى ئېلىپقاچار گويا بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئىنـكاسى ناھايىتى ئاستا ئىدى، قوللىرى تىترەپ، بىرەر تال موخوركىنى خېلىغىچە ئورىيالمايتتى، چىرايى بىردە قاپقارا ۋە بىردە ئاقىرىپ تۇسكە كىرەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــــ ئۇ ئەتە، ياق، ئۈگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن بوران ئېغىزىدىكى چىغلىقتا سېلىنغان كونا قوتاندا كۆرۈشىمىز، ئەگەر پارتلاتقۇچ دورا ۋە كاپسۇلنى دېگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كەلمىسەڭ سېنى بوغۇزلىۋېتىـمەن، ناۋادا ساقچىلارغا مەلۇم قىلساڭمۇ بوغۇزلىۋېتىمەن، دېگەن...

زودۇگدۇك قەلىمىنى قويۇپ ۋارقىرىدى:

ــــ ئۇ ئاشۇ لازىم دېگەن نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەرسەڭمۇ، گۇۋاھچىنى يوقىتىش ئۈچۈن، سېنى ئوخشاشلا ئۆلتۈرىدۇ!

گاۋشىن قول ئىشارىسى قىلىپ زو دۇگدۇگنى توختىتىپ، لى ئېلىپقاچارغا:

ــــ ئۇنداقتا، سەن قانداق قىلماقچى؟ ــــ دىدى. لى ئېلىپقاچار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

ــــ شۇ چاغدا بەك قورقۇپ كەتكەنىدىم. ناۋادا مەن ماقۇل بولمىغان بولسام، جەزمەن ئۆيگە قايتىپ كېلەلمەيتتىم ... ئۇ تولىمۇ زەھەرخەندە ئەبلەخ... ــــ دېدى.

ــــ تۈنۈگۈن ئۇنىڭ قولىدا قورال بارمىكەن؟ ــــ سورىدى گاۋشىن.

ــــ قورالنى كۆرمىدىم، بەلكى قوينىغا تىقىۋالغاندۇ ...ساقچى يولداش، مېنى قوغدىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن ... بارساممۇ ئۆلىمەن، بارمىسامـمۇ ئۆلىمەن ... ھۇ ... ھۇ ... ھۇ ...ــــ لى ئېلىپقاچار يىغلىۋەتتى.



سەن دېگەن قەرەلدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بار، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى گاۋشىن. لى ئېلىپقاچار گويا چوغقا دەسسىۋالغاندەك:

ــــ بارمايمەن، بارمايمەن! مەن تاپشۇرساممۇ يەنە مېنى ئوتقا ئىتتىرەمسىلەر؟ ــــ دېدى.

ــــ بارمىساڭ، ئۇ سېنى بوشقا قويىۋېتەرمۇ؟ ــــ دېدى يولداش جاڭ، ـ ئۇنى ئۇۋىسىدىن چىقارساڭ، ئاندىن خاتىرجەم بولىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

لى ئېلىپقاچار پۈتلىسى ۋە بېشىنى سۆرتكىنىچە جىمىپ قالدى.

ــــ بىز ساڭا پارتلاتقۇچ دورا ۋە كاپسۇلنى بېرىمىز، سەن ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭلا بولىدۇ. كېيىنكى ئىش بىزنىڭ، ــــ دېدى گاۋشىن. لى ئېلىپقاچار ۋارقىراپ كەتتى:

ــــ ئۇنداق قىلمايمەن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتسەڭلارمۇ ئۇنداق قىلمايمەن!

گاۋشىننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

ــــ پارتلاتقۇچ دورا، كاپسۇلنىڭ ھەممىسى ساختا بولىدۇ، بىز بار تۇرساق سەن نېمىدىن قورقاتتىڭ؟

لى ئېلىپقاچارنىڭ چىرايى دەرھاللا ئۆزگەردى:

ــــ ماقۇل، مەن باراي ... كىم مېنى مۇشۇنداق نەس باسقان ئىشقا يولۇقسۇن دەپتۇ!

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا لى ئېلىپقاچار بۇرۇنقىدەكلا قويلارنى ھەيدەپ ئوتلاقتا قاراپ ماڭدى.

گاۋشىن ۋە زودۇگدۇك كونا قوتاننىڭ ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان چەللىسى ئاستىغا يوشۇرۇندى. ئۇلار تامدىكى تۆشۈكتىن سىرتتىكى لى ئېلىپقاچارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى.

چۈش بولدى. ئاپتاپ قىزارغانىدى، كونا قوتاندىن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىق پۇراق تارقىلاتتى، زودۇگدۇك چاپىنىنى يېشىپ تىزىغا قويىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇ تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى:

ــــ بۇ سېسىق قوتان تونۇردەك قىزىپ كەتتىغۇ!

ــــ قوتاندىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىشقا بولمایدۇ! ... ــــ دېدى گاۋشىن سىرتنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىۋېتىپ، ــــ سەن يوشۇرۇنۇپ كۈتۈشنى ئۆگەنمىگەنىدىڭ؟

ئوتلاقتىكى لى ئېلىپقاچار تېخىمۇ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. بۇ خۇددى ئادەمنى تىرىكلا تونۇرغا سالغانلىق ئىدى. ئۇ پات ـ پاتلا قوتان تەرەپكە قارايتتى، ئۇ ساقچىلارنىڭ شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش ئويۇنى ئويناپ، ئۆزىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەگەر ساقچىلار ھېلىھەم قوتاندا بولسا، ئەڭ ياخشىسى دەرھاللا بۇيرۇق بېرىپ، ادەمنى مۇئەللەقتە قالدۇرىدىغان مۇنداق «كۈتۈش» نى ئەمەلدىن قالدۇ

رۇشنى ئۇيلايتتى.

ئەمما، قوتان تەرەپتە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. كەك ئۇتلاق، بىپايان چۆلدە ئۇ ئۆزى يالغۇزلا ئىدى. خەيدازى دېگەن بۇ ئۆلگۈر قاياقتا كەتكەندۇ؟

لى ئېلىپقاچار ئۆزىنى يۈرەكلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

ناخشا قوتانغىمۇ ئاڭلاندى. زودۇڭدۇڭ تام تۆ- شۈكىدىن سىرتقا قارىدى ۋە غۇدۇڭشىدى:

—بۇ ئەبلەخ خەي دازىغا سىگنال بېرىۋاتامدۇ— قانداق؟

گاۋشىن سىرتتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

—ياق، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭدا جۈرئەت يوق...—دېدى ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى پەسلەتتى،—جىم بول، كەلدى، كەلدى!

يىراقتىن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن بىرسى ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. گاۋشىن ۋە زودۇڭدۇڭ دەرھاللا تاپانچىنى بەتلىدى، بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئاتلىققا مىقتەك قادالدى.

زودۇڭدۇڭنىڭ ئاۋازىدا جىددىيلىك بار ئىدى:

—ئاپلا، چاتاق بولدى، ئۇ ئاتلىق ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟

—ھولۇقما، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ لى ئېلىپقاچار بىلەن ئۇچراشقاندا...—دېدى گاۋشىن.

زودۇڭدۇڭغا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ، نەپسى قىسىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

لى ئېلىپقاچار ئۇلاردىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان چەۋەندازنى كۆردى. ئۇ خۇددى قېقىلىپ قويغان قوزۇقتەك، ئۆز جايىدا قىمىرلىماي تۇراتتى، كاللىسى خۇددى ھەممىنى سۈمۈرىۋالغاندەك قۇرۇق بولۇپ، ھېچنىمىنى بىلمەيتتى.

چەۋەنداز قويلار توپى يېنىغا كېلىپ ئاتىدىن ئاتـ تىن چۈشتى. لى ئېلىپقاچارنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار بىر تارتىشىپ، ئاندىن بوشاشتى، مۈشۈكنىڭكىدەك قىيسىق كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى:

—جاك...جاك...يولداش جاك...سىز قانداقچە؟

يولداش جاك تەرگە چۆمۈلگەنىدى، ئۇ ئالدىراپ سورىدى:

—ئۇ ئىككىلەن قېنى؟

گاۋشىن ۋە زودۇڭدۇڭ قورالىنى يىغىشتۇرۇپ، گاڭگىرىغان ھالدا قوتاندىن چىقتى. يولداش جاك ھەيرەپ - ھۇمۇدەپ تۇرۇپ:

—بولدى، كۈتمەڭلار، ئۇ ئەبلەخ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ...—دېدى. زودۇڭدۇڭ خۇشال بولۇپ:

—نېمە، ئۇنى تۇتىۋالدىڭلارمۇ؟—دەپ سورىدى. يولداش جاك ئاچچىقى بىلەن:

—نەدىمۇ ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن! بايىلا خەۋەر تاپتىم، كېچە سىز قوزۇلۇشى ئەترىتىنىڭ ئاد- بىرىغا ئوغرى تەككەن، ئامبارچى ئېغىر يارىلانغان، بۇ ئىش تاڭ ئاتقاندا بايقالغان،—دېدى.

گاۋشىن شۇ ئانلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلـ- دىـــدە، سورىدى:

—نېمىلەر يوقاپتۇ؟

—پارتلاتقۇچ دورا ۋە كاپسۇل...

گاۋشىن ئاچچىقىدا يەرنى تەپتى:

—جەزمەن شۇلار قىلغان ئىش!

زودۇڭدۇڭ بىردىنلا چۈشەنگەندەك:

—بۇ ئىككى ئەبلەخ ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قو- يۇپ، بۇياقتا ھۇجۇم قىلىپ، دۈپپىمىزغا جىگدە سېپتۇ—دە!—دېدى.

—گۇناھ ئۆزىمىزدە،—دېدى گاۋشىن ئەپسۇسـ- لىنىپ ۋە ئېغىر خورسىنىپ، غەزەپتىن يۈزى كۆ- كىرىپ كەتتى،—يولداش جاك، بىز بىخەستەلىك قىپتۇق...چاتاق لى ئېلىپقاچارنىڭ ئۆيىدە چىققان... بىز لى ئېلىپقاچار بىلەن سۆزلەشكەندە، خەيدازى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پايلاپ كەلگەن ۋە بىزنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار قاپقان قۇرۇلغانلىقىنى سەزگەندە، خەۋپكە تەۋەككۇل قىلغان، ئۇدۇللا سۇ قۇرۇلۇشى ئەترىتىگە بارغان، ئۇلار قۇرۇلۇش قىلىد- ىغانلاردا پارتلاتقۇچ دورا بارلىقىنى بىلىدۇ...

لى ئېلىپقاچارنىڭ چىرايى تاتاردى، ئۇ قوش قوللاپ بېشىنى تۇتقىنىچە زوڭزايدى ۋە:

—ئۇ يەنە قېچىپ كەتتى...ئۇ مېنى بوش قويـ- مايدۇ!—دېدى—دە، يىغلاشقا باشلىدى.

گاۋشىن ئۇنىڭ كاسىسىغا ئاچچىق بىلەن بىرنى تەپتى—دە:

—ھۇ، قانجۇقنىڭ بالىسى! ئەگەر ھە دېگەندىلا راست گەپنى قىلغان بولساڭ، ئۇ ئەبلەخنىڭ قولىغا ئالالىغاچان كويزا سېلىنغان بولاتتى!—دېدى.

مامىڭ ۋە خەيدازىلارنىڭ پارتلاتقۇچ دورىغا ئىگە بولۇشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، كەسـ- كىنلەشتۈرۈۋەتتى.

ئىدارە باشلىقى جاڭ كېچىلەپ «101» ئالاھىدە دېلو ئەترىتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، خەيدازى ۋە مامىڭنىڭ ئەمدىكى ھەرىكەت يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلدى. مامىڭ ۋە خەيدازىلارنىڭ بىر نەچچە كىلو پارتلاتقۇچ دورىغا ئايىنىپلا قورال - ياراغ ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلالىشى مۇمكىن بولغان ئىش پارتلاتقۇچ ياساپ، ئادەم توپلانغان ئاممـ- ۋى سورۇن ياكى ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە بۇزغۇنچى- لىق قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنى ئەندى- شىگە سالىدىغان ئىش ئىدى.

(داۋامى بار)

ماخمۇتجان ئىسلام (ت)



# شەخسلەر ئۆزئارا ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۆتۈنۈپ بەرسە ۋە ئالتۇن-كۈمۈشنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قەرز تۆلىسە بولامدۇ؟

ئالتۇن-كۈمۈش دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان مۇھىم ماددىي ئەشيا. شۇڭا، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئالتۇن-كۈمۈشنى سېتىۋېلىش، تەقسىم قىلىش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ.

دۆلەت پۇقرالارنىڭ قولىدىكى قانۇنلۇق ئالتۇن-كۈمۈشنى قوغدايدۇ. پۇقرالار قانۇن بويىچە ئېرىشكەن مىراس قالدۇرۇلغان ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى، دوست-بۇرادەرلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار ھەدىيە قىلغان ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى، پۇقرالارنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى، دۇكانلاردىن سېتىۋالغان ھەر خىل ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ياكى خەلقئارا تەشكىلاتلار تەرىپىدىن بېرىلگەن، تەركىبىدە ئالتۇن-كۈمۈش خام ماتېرىيالى بولغان مۇكاپات بۇيۇملىرى قاتارلىقلارغا قانۇنلۇق ھالدا ئىگە بولىدۇ.

پۇقرالار ئالتۇن چىلىقاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئېرىشكەن قانۇنلۇق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چوقۇم جۇڭگو خەلق بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك. بۇنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. قېزىپ چىقىرىلغان ئىگىسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەر دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىشقا، سېتىشقا ۋە ئېرىشىشكە يول قويۇلمايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامىدا: دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە بارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ باھاغا سۇندۇرۇپ ئالتۇن-كۈمۈش ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى، ئالتۇن-كۈمۈشنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ-سېتىشقا ۋە دېيىت-كېلىپ ئىشلىرىدا گۆرۈگە قويۇشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇڭا پۇقرالار ئارىسىدا ئۆزئارا قەرزلەرنى ئالتۇن-كۈمۈش ئارقىلىق تۆلەشكە بىردەك يول قويۇلمايدۇ. پۇقرالار قانۇنلۇق ئېرىشكەن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ساتماقچى بولسا، بىردەك جۇڭگو خەلق بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك. شەخسلەر ئارا باھادا كېلىشىپ ئېلىپ-سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسلەر ئارا ئالتۇن-كۈمۈشنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قەرز تۆلەش، ئېلىپ-سېتىش، گۆرۈگە قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى مەجبۇرىي سېتىۋالسا بولىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى جەرىمانە قويسا ياكى ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى مۇسادىرە قىلسا بولىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن جازاغا تارتىلىدۇ.

## قانداق ئەھۋالدا ئىشلىتىلگەن ئەسەردە ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمىسىمۇ بولىدۇ؟



«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەسەر تۆۋەندىكى ئەھۋالدا ئىشلىتىلسە ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق، ئاپتورنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئەسەرنىڭ نامى ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئەسەر ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ مۇشۇ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان باشقا ھوقۇقلىرى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى لازىم.

1. باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى شەخسىي ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ياكى ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە.

2. مەلۇم بىر ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭغا باھا بېرىش ياكى مەلۇم بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەسەرلەردە باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرىدىن مۇۋاپىق نەقىل كەلتۈرۈلسە.

3. ئېقىم مەسىلىلەرنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەردىن گېزىتتە، ژۇرنالدا، رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ياكى خەۋەر-ھۆججەتلىك فىلىملەردە نەقىل كەلتۈرۈلسە.

4. گېزىت-ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باشقا گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيىدە ئېلان قىلىنىپ بولغان باش ماقالە، ئوبزورلارنى باسسا ياكى ئاڭلاتسا.

5. ئاممىۋى يىغىلىشلاردا قىلىنغان سۆزلەرنى گېزىت-ژۇرنالدا باسسا ياكى رادىئو-تېلېۋىزىيىدە ئاڭلاتسا. بىراق، ئاپتور بېسىشقا، ئاڭلىتىشقا بولمايدۇ، دەپ ئەسكەرتكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

6. ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەرنى مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىدا ئوقۇتۇش ئۈچۈن ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەرجىمە قىلىپ ياكى ئاز ساندا كۆچۈرۈپ بېسىپ، ئوقۇتۇش خادىملىرىنىڭ ياكى ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرسە بولىدۇ. ئەمما، نەشر قىلىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.

7. ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەرنى دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەت ئىشلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتسە.

8. كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا، خاتىرە سارىيى، مۇزېي، گۈزەل-سەنئەت سارىيى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنى كۆرگەزمە قىلىش ياكى نۇسخىسىنى ساقلاش زۆرۈرىيىتى بىلەن كۆچۈرۈپ ئىشلەتسە.

9. ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەرنى ھەقسىز ئورۇنلىسا.

10. تالادىكى ئاممىۋى سورۇنلارغا ئورنىتىلغان ياكى قويۇلغان سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئەندىزىگە ئالسا، سىزسا، سۈرەتكە تارتسا، سىنئالغۇغا ئالسا.

11. خەنزۇ يېزىقىدا ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەرنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ مەملىكەت ئىچىدە نەشر قىلىپ تارقاتسا.

12. ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەر ئەمالار يېزىقىدا نەشر قىلىنسا.

يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر نەشر قىلغۇچىلارنىڭ، ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ، ئۈنئالغۇ-سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشتا تەتبىقلىنىدۇ.

ئەكبەر جاپپار



قاھار ئوسمان (. ئەدەبىي تەرجىمان)

تەرجىمان، خەتتات قاھار ئوسمان 1972 - يىلى فېۋرالدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1993 - يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ «خەلق مەسىلىرى» ناملىق تەرجىمە كىتابى نەشر قىلىنغان. بىر نەچچە پارچە كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقان. 7 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ ھازىرغىچە 400 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسن خەت ئەسىرى ۋە تىل - يېزىق، ھۆسنخەتكە دائىر بەزى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم تەرجىمە، ھۆسن خەت ئەسەرلىرى مۇكاپاتلانغان.

قاھار ئوسمان ژورنىلىمىز نىڭ ھوسۇللۇق تەرجىمانلىرىدىن بىرى.

# بىمارلار ئۈچۈن خۇشخەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورۇن بولۇپ قالدى. بۇ ئورۇن تەسىس قىلغان «بوغدا» ئامبۇلاتورىيىسى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزىي بېزى ياللۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك، سىبلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئامبۇلاتورىيىمىز يەنە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش، خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«بوغدا» ئامبۇلاتورىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاقسۇ شەھىرىدە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش تېخنىكىسى تولۇق، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئورنى قۇردى.

بۇ ئىككى ئامبۇلاتورىيە بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون، خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇر (يەنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت بىناسىدا. 1، 101، 104، 16 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ يەنئەن يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ)

تېلېفون نومۇرى: 2850555 (0991)

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر، سارەم دوختۇر

ئاقسۇدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈكتىكى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى 3 - قەۋەت.

تېلېفون نومۇرى: 2137277 (0997)

قەشقەر شەھىرىدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: شىمالىي ئازادلىق يولى 258 - نومۇر (ۋىلايەتلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ 5 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 2828396 (0998)

ئالاقىلەشكۈچى: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر، ھەمراجان دوختۇر، قەھرىمان قاتارلىق دوختۇرلار.



## ئۆتكەن يىلى ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىدىن 50 مىڭى پاش قىلىنغان

«خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1999 ــ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى قانۇننى ھەقىقىي ئىجرا قىلىپ تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىدىن 50 مىڭىنى پاش قىلغان.

## جىلىندا ئاش تۇزىنى قانۇنسىز يۆتكەش پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلوسى پاش قىلىنغان

«جىلىن گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، جىلىن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق 5340 توننا يودسىز تۇزنى قانۇنسىز يۆتكەش پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلوسىنى پاش قىلغان. نۆۋەتتە، جىلىن شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جىنايەت گۇماندارلىرى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان.

## چاڭشادا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كادىرنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشىغا «قىزىل چىراغ» يېقىلدى

«ئىشچىلار گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، چاڭشا شەھىرىدىكى مەلۇم ئورگان پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە پېشقەدەم يولداشنى ئاللاپ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا «تەكشۈرۈش» كە ئەۋەتىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، چاڭشا شەھىرى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەلگە چىقىلىغان ئۆمەكلەردىن 36 نى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 207 نەپەر پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش تەستىقىغا «قىزىل چىراغ» ياققان ھەم 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغنى تېجەپ قالغان.

## شياڭگاڭدا ھەر ئون ئۈچ ئادەمگە بىر شىركەت توغرا كېلىدىكەن

«خەلق سودا گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، شياڭگاڭدا تىزىمغا ئالدۇرغان شىركەت جەمئىي 49 مىڭ 888 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 6058 ى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق، 484 مىڭ 830 ى خۇسۇسىي شىركەت ئىكەن. ئىگىلىشلەرگە قارىغاندا، شياڭگاڭدا ھەر 13 ئادەمگە بىردىن شىركەت توغرا كېلىدىكەن.



## ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى «مۇتتەھەم، مۇشتۇمزورلارغا زەربە بېرىش» مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان

«ئىچكى موڭغۇل گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى «مۇتتەھەم، مۇشتۇمزورلارغا زەربە بېرىش» مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، يېزىلاردىكى لۈكچەك، مۇشتۇمزورلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشنىڭ ئاساسىي نىشان قىلغان.



## ئۇنۇملۇك چارە

—سىز قانداق ئۇسۇل قوللىنىپ ئېرىڭىزنىڭ كېچىدە كەلمەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلىدىڭىز؟

—بىر قېتىم ئۇ ناھايىتى كەچ كېلىۋېدى، بار ئاۋازىم بىلەن «يوھان- مۇسىز؟» دەپ ۋارقىرىدىم. بىراق، ئېرىمنىڭ ئىسمى جېك ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئېرىم ئۆيدىن نېرى بولمايدى- غان بوپ قالدى.



## ھەممىسى ھاراقنىڭ كاساپىتى

ئايالى گېزىتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى: «فرانسىيىدە ئېغىر سۇ ئاپى- تى يۈز بەردى، زىيان نەچچە مىليون فـ- رانكقا يېتىپتۇ».

ئېرى مەستلىكتە: «شۇ ئىشمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاراقنىڭ كاسا- پىتى!» دەپ غۇدۇڭشىدى پەس ئاۋازدا.

## رول ئېلىش

ئايالى: قەدىرلىكىم، ئەمدى ئىچمەڭ، مەست بولۇپ قاپسىز.

ئېرى: مەست بولالىسام ياخشى بولاتتى، رېژىسسور ماڭا مەستنىڭ رو- لىنى تەقسىم قىلغانىدى.

ئايالى: ئۇنداقتا مېنىمۇ كېيتىۋالسام بولغۇدەك!

ئېرى: نېمىشقا؟

ئايالى: سېنارىيىنى كۆرۈپ چىق- تىم، ھېلىقى ھاراقكەش ھەر قېتىم مەست كەلگەندە، ئايالى ئۆيدىن قې- چىپ چىقىپ سىرتتا بىر نەچچە كۈن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىكەن.

## «ئاغزىڭنى يۇم!»

—ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ.

—رەھمەت سىزگە دوخ- تۇر.

—بۇ ئىشقىمۇ رەھمەت كېتەمدۇ؟

—ئېرىم دائىم «ئاغزىڭ- نى يۇم» دەپ ۋارقىرايتتى!

## ئۆزىنى كۆرسىتىش

مەلۇم بىر قەلەندەر بايدىن ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ:— بېگىم، مەن بىر نامرات ئادەم، رەھىم قىلىڭ، قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، سىلى چوقۇم ماڭا مۇھتاج بولىلا، سەمىمىي- ساداقەت بىلەن سىلىگە قۇل بولۇشقا رازىمەن...

—ياخشى، ئەمما سېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلـ- مەيمەن - دە؟

—بېگىم، مەن بىر گۆركار!



## بۇ مۇمكىن ئەمەس

ئايالى: ساڭا تەگكىچە ئالۋاس- تىغا تەگسەمچۇ.

ئېرى: بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن.





# يولداش مۇھەررىر:

مەن ئۇزاقتىن بۇيان «ئامانلىق»نى سىردىش دوست سۈپىتىدە قەدىرلەپ مەنپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان ئادۋوكات. ھەر قېتىم ژۇرنالنى ۋاراقلاپ تۈرلۈك دېلو تەپسىلاتلىرىنى ئوقۇغىنىمدا ھەم ھاياجانغا چۆمۈمەن ھەم چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئويلىنىپ كېتىمەن، مېنىڭچە، ژۇرنال بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ تۇرۇلسا، جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرسا، مەسىلەن: بەزى تىپىك دېلولارنىڭ ئەمەلىيسوت مۇنازىرىلىرىنى رەتلەپ مەخسۇس سەھىپە ئېلان قىلسا بولامدۇ - يوق، ئويلىنىشىپ باقساڭلار، چۈنكى تېلېۋىزىيىلەردە بۇخىل مۇنازىرىلەر بېرىلىۋاتىدىغۇ. شۇنداق بولغاندا ژۇرنالنىڭ رەڭدارلىقى ئاشقان بولار ئىدى.

تۇرپان جىڭشىڭ ئادۋوكاتلار ئورنىدىن ئابدۇشكۇر



# كېيىنكى ساندا:

ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى ساندا تۆۋەندىكى ماقالىلار ھوزۇرۇڭلاردا بولىدۇ: «مىيەندىكى ‹جاڭ زىچياڭ›نىڭ شىنجاڭدا تۇرغان چۈشۈشى»، «ئورمانلىقتىكى ‹ئاخىر زامان›»، «دىكتور قىزىنىڭ يوتىسىدىكى مەڭ»، «ھالاكەت دېڭىزىدىكى ئېلىشىش» ۋە ئەخلاق، نىكاھ، ھەق تەلەپكە دائىر تۇرمۇشقا يېقىن، جەلپكارلىقى كۈچلۈك، كىشىنى ئويغا سالىدىغان ماقالە، مۇھاكىمىلەر داۋاملىق بېرىلىدۇ. جايلاردىكى ئاپتورلار يازغان شۇخىلدىكى ماقالىلارغا ئالدىن ئېتىۋار بېرىلىدۇ.



## ژۇرنىلىمىزنى باھالاپ كۆرۈڭ

| ئىسىم فامىلىسى | | كەسپى | | ئادرېسى | | پوچتا نومۇرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سىز بۇ سانىمىزدا ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە قايسى؟ | | | | | | | |
| مۇقاۋا، بەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان باھايىڭىز؟ | | | | | | | |
| بۇ ساندا بايقىغان خاتالىقلار قانچىلىك؟ | | | | | | | |

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.




CN65 - 1009/D - W
باھاسى: 4.00 يۈەن

# سۇنى تېجەپ، يۇرت - ماكانىمىزنى يېشىللاشتۇرايلى



شىنجاڭ تيەنيې شىركىتى - دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقى-
رىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ۋە تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرگەن، سودا، سا-
نائەت، دېھقانچىلىق بىر گەۋدىلەشكەن شىركەت بولۇپ، ئومۇمىي پاي
سوممىسى 226 مىليون 800 مىڭ يۈەن، مۇقىم مەبلىغى 100 مىليون
يۈەن بولۇپ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى مىڭدىن ئارتۇق.

شىنجاڭ تيەنيې شىركىتى - قۇرغاق رايونلاردا سۇنى تېجەش مۇتە-
خەسسىسلىرى جەم بولغان، دېھقانلارنى بېيىتىشنى مەقسەت قىلغان، ئاز
مەبلەغ سېلىپ ئىشەنچلىك سۇ تېجەش سۇلياۋ تۇرۇبا ئۈسكۈنىلىرىنى
ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئۈسكۈنىلەر
قۇرغاق رايونلارنى يېشىللاشتۇرۇشقا، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا،
شورلۇقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە باپ كېلىدۇ، دېھقانلارنى مول ھوسۇل ئېلىش
نىشانىغا يەتكۈزەلەيدۇ.

لىدىرى: گو چىڭرېن

شىنجاڭ تيەنيې شىركىتى تىجارەت ئالاقە تېلېفونى:2684082
(0993) 2860008 2867686

ئادرېسى: شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى شىمالى 1 - يول



سۇ تېجەش تۇرۇبا سىخېمىسى